ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# سۆز سەنئىتى ھەققىدە

# ھېكمەتلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# سۆز سەنئىتى ھەققىدە ھېكمەتلەر

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچىلەر: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۈرئەت نىياز
بىلقىز مۇھەممەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

口才格言:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编. 一乌鲁木齐:新疆美术摄影出版社:新疆电子音像出版社,2008.8
(经典格言系列丛书)
ISBN 978-7-80744-402-2

Ⅰ.口... Ⅱ.阿... Ⅲ.格言一汇编一世界一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.H033

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 122116 号

| | |
|---|---|
| 丛书名 | 经典格言系列丛书 |
| 本册书名 | 口才格言 |
| 策划 | 穆拉提·伊力 |
| 主编 | 阿迪力·穆罕默德 |
| 编者 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯<br>阿依夏木古丽·阿尤甫<br>居来提·尼亚孜<br>贝丽克孜·穆罕默德 |
| 特约编辑 | 阿米娜·克奇克 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦尔·库提鲁克 |
| 责任校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地址 | (830001 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 发行 | 新疆新华书店 |
| 印刷 | 新疆新博文印刷有限责任公司 |
| 开本 | 880×1230mm |
| 印张 | 3 印张 |
| 字数 | 51 千字 |
| 版次 | 2008 年 8 月第 1 版 |
| 印次 | 2008 年 8 月第 1 次印刷 |
| 印数 | 1—5000 |
| 书号 | ISBN 978-7-80744-402-2 |
| 定价 | 9.90 元 |

(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قايسى بىر دانىشمەن «دۇنيا دانىش-
مەنلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە دۇنيا دانىشمەنلەر-
نىڭ ئەقىل - پاراسەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۆز مەنىدارلىقىنى ناما-
يان قىلىپ كەلمەكتە. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ
كىشىلىك ھايات يەكۈنلىرى بولغان ھېكمەتلىك ئىبارىلەر زامان -
زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتى يوقىماس گۆھەردەك نۇر چې-
چىپ، خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىنى تويۇندۇرۇشىدىكى خورىماس بۇلاق
بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى پارچە -
پارچە مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان ياكى قىسقىچە توپلام ھالىتىدە
نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن بويىچە ئايرىم - ئايرىم
توپلام قىلىنمىغان ئىدى. بۇ قېتىم بىز ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا
ئېلان قىلىنغان ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ھېكمەتلىك
سۆزلەرنى توپلاپ، مەزمۇن بويىچە تۈرگە ئايرىپ «ھېكمەت دۇردانى-
لىرى مەجمۇئەسى» دېگەن نام ئاستىدا 50 يۈرۈش كىتاب قىلىپ
تۈزۈپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەمگە-
كىمىز خەلقىمىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى ئەل مۇتەپەككۇر-
لىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن تونۇشۇشىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئېي-
تىلغان ھايات تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى بوش-
لۇقلارنى تولدۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

بىر بۇلۇڭدا ئۈندىمەي تۇرغان كېسەك تىل، گاس قۇلاق، تىلىنىڭ تىزگىنى يوق ۋات ـ ۋات ئادەمدىن ياخشىراق.

**سەئدى: «گۈلىستان» دىن**

نوتۇقتا چېنىققان ياشانغان كىشىنىڭ ئىشى سۆز ئاچماقتىن ئالدىن پىكىر قىلىشتۇر. پىكىر قىلماي ھەرگىز زۇۋان سۈرمىگىن، مەيلى كېيىن سۆزلىسەڭمۇ گۈزەل سۆزلە. بۇرۇن پ   تا ئويلاپ، ئاندىن سۆزگە جۈرئەت قىل، سەئدى: «بەس!» دېيىشتىن ئالدىن سۆزۈڭنى تۈگەت.

**سەئدى: «گۈلىستان» دىن**

كىشى تىل بىلەن ئۇلاغدىن ياخشىراق، خاتا سۆزلىسەڭ، ئۇلاغ سەندىن ئارتۇق.

**سەئدى: «گۈلىستان» دىن**



پىتنە تۇغدۇرىدىغان راست سۆزدىن ياخشىلىق يەتكۈزىدىغان يالغان سۆز ئەۋزەل.

**سەئدى: «گۈلىستان» دىن**

كىمكى جېنىدىن ئۈمىد ئۈزسە، كۆڭلىدىكى ھەممە گېپىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئېيتىۋالىدۇ

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

ئەگەر سۆزگە دەل پەيتنى تاپمىساڭ، قۇرۇق سۆز بىلەن ئۆزۈڭنى چۈشۈرمە.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

بىر قوپال مەنمەنچى مەجلىستە بولۇپ قالسا، نۇرغۇن ئاقىلنىڭ كۆڭلى غەشلىككە تولىدۇ. بىر كۆل گۈلاپ ـ شەربەتكە تولدۇرۇلسا، شۇ دەم ئىت چۈشسە ئەۋرەزگە ئايلىنار.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

ئاڭلىغۇچى سۆزنىڭ پەمىگە يەتمىسە، ناتىقتىن زىيادە ئىلھام ئىزدىمە!

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

بىر سۆز ئويۇن ـ چاقچاق بىلەن ئېيتىلسا، زىرەك كىشى ئايرىمچە مەنپەئەت ئالىدۇ. نادانىنىڭ ئالدىدا يۈز بابچە ھېكمەت ئوقۇلسا ھەزىلىنىڭ ئورنىدا ئاڭلايدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن



پىلنى شېرىن تىل بىلەن سىلاپ ئەركىلەتسەڭ، بىر تال قىل بىلەن يېتەكلەيسەن.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

كىشى ھەرگىز ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى ئىقرار قىلمايدۇ، پەقەت

شۇ كىشىكى، بىرى سۆزلەۋاتقان چاغدا سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا سۆز باشلىسا، بۇ ئاشۇ ئادەمنىڭ ئۆز نادانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقى.

سەئدى: «گۈلستان»دىن

شۇ قوپال ئاۋاز بىلەن سەن يۈرەكنى قىرغاندەك، ھېچ كىشى گۇرجەك بىلەن تاش يۇزىدىن لاينى قىرماس.

سەئدى: «گۈلستان»دىن

سەن سۆزۈڭنىڭ راستلىقىنى بىلمىسەڭ ئۇنى ئېيتما.

سەئدى: «گۈلستان»دىن

سۆزلىگۈچىنىڭ كەمچىلىكىنى بىراۋ كۆرسىتىپ بەرمىگۈچە، ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيدۇ.

سەئدى: «گۈلستان»دىن

ئەگەردە خىسلەت، كامالىڭ بولمىسا، تىلىڭنى ئاغزىڭدا ساقلاش ياخشىراق، تىل دېگەن ئادەمنى بۇلغاپ قويىدۇ.

سەئدى: «گۈلستان»دىن

كىمكى دانالىقىمنى كىشىلەر بىلسۇن، دەپ ئۆزىدىن داناراق كىشى بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلسا، ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى ، لدۇرۇپ قويىدۇ.



سەئدى: «گۈلبستان»دىن

نادان بىلەن سۆزلىشىپ قالغان دانا كىشى ئۆزىگە ھۆرمەت قىلىشنى كۈتمەسلىكى كېرەك، ئەگەر نادان كىشى دانانى سۆزدە يېڭىۋالسا، ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، تاش گۆھەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

پارچىلاپ تاشلايدىغۇ!

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

ئاقىل ئادەم بىر توپ چۈپرەندىلەر ئارىسىدا سۆزىنى ئاقتۇرالـ.مىسا، ئەجەبلەنمىگۈلۈك، چۈنكى، دۇمباقنىڭ گۈمبۈرلىشى تەمـ.بۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاتقۇزمايدىغۇ ھەمدە سامساقنىڭ پۇرىقى ئەنـ.بەرنىڭ ھىدىنى بېسىپ كېتىدىغۇ.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

ئەگەر نادانغا سۆزدە خوش ـ خوش دېسەڭ، بىردىنلا كىبىرى ئۆسۈپ كۆرەڭ بولغاي.
كىمكى سۆزنى چاغلاپ سۆزلىمىسە، ئاچچىق جاۋاب ئاڭلايدۇ.
سەئدى: «گۈلىستان»دىن

يالغان سۆزلەش ئىز قالدۇرىدىغان زەربىگە ئوخشايدۇ، يارا ساـ.قايغان تەقدىردىمۇ بەلگىسى قالىدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

سۆز ئۈينىتىش گۈناھكارنىڭ خىسلىتى،غەرەزلىكلەر سۆزى ھەرگىزمۇ سۆز ئەمەس.

سەئدى: «بوستان»دىن

سىرىڭنى كىشىلەرگە ئايان قىلما، كۆپ ھاللاردا ئۆلپەتلىرىڭ گەپ توشۇيدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

يىگىت بولساڭ ھوشيار بول، سىر ساقلىغىن.

**سەئدى: «بوستان»دىن**

سۆز ئۈچۈن پۇختا ئاساس كېرەك. تالاشقاندا مۇشتلىشىش دەلىل ئەمەس.

**سەئدى: «بوستان»دىن**

بىلمىگەندە جىم تۇرۇش توغرا ئىشتۇر.

**سەئدى: «بوستان»دىن**

شېرىن سۆزلۈك سويار دۈشمەن پوستىنى، قوپال سۆزلۈك دۈشمەن قىلار دوستىنى.

**سەئدى: «بوستان»دىن**

سۆزى قوپال ئادەم ئازابتا ئۆتەر.

**سەئدى: «بوستان»دىن**

شېرىن سۆزلۈك پەم بىلەن ئىش كۆرىدۇ.

**سەئدى: «بوستان»دىن**



قوپال سۆزلۈك تەتۈر پېشانە بولۇر.

**سەئدى: «بوستان»دىن**

يۇمشاق سۆزلە يۇمشاق نىنىڭ بولمىسا، شېرىن سۆزدە سەئدىنى نىشانە قىل.

**سەئدى: «بوستان»دىن**

www.uyghurkitap.com

ئەھۋالىڭ ناچار بولسا يوشۇرمىغىن، يالغانچىلىق ئۇياتتا قالدۇرىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

بىلگەنلىرىڭ ئاز بولسا، كۆپ سۆزلىمە.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئەگەر بىراۋنىڭ گېپى تولا بولسا، ئۇنىڭ سۆزلىرى كىشىلەرگە كار قىلمايدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

توختىماستىن سۆزلەۋەرسەڭ، ئۆزگىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالالمايسەن.

سەئدى: «بوستان»دىن

سۆز دېگەن ئىنسان ئۈچۈن كامالەتتۇر. ئاز سۆزلە، بىلمەي تۇرۇپ ۋالاقلىما.

سەئدى: «بوستان»دىن

گېپى تولا ئادەمگە يېقىنلاشما، قىلغان سۆزۈڭ ئاز، لېكىن ساز بولسۇن.

سەئدى: «بوستان»دىن

مەرد يوق كىشىنىڭ گېپىنى قىلمايدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئىنساننى ئارقىسىدىن غاجاپ يۈرمە، غەيۋەت قىلساڭ تامنىڭمۇ قۇلىقى بار.

سەئدى: «بوستان»دىن

دىلىڭ شەھەر، سىرىڭ بىر مەھبۇس بولسۇن، مەھبۇس ئۇ چۈن زىنداننى قاتتىق تۇتقىن.

سەئدى: «بوستان»دىن

تىلىڭنى ئەقلىڭ بىلەن تارتىپ يۈرسەڭ، قەلبىڭنى مەجلىس ئارا يورۇتىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئىچ سىرىڭنى ھەرگىز باشقىغا ئېيتما، ئۇمۇ باشقىلارغا ئېيتماي قويمايدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئالتۇنۇڭ بولسا خەزىنىچىگە تاپشۇر، ئەمما سىرىڭنى دىلىڭدا پىنھان ساقلا. بىراۋلارغا چىدىيالماي سىرىڭنى دەپ قويساڭ، بالا تېرىپ بېشىڭنى تىنچ قويمايدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن



قىلغان ھەربىر سۆزۈڭگە ئېھتىيات قىل، بىلمىگىنىڭ توغرۇلۇق گەپ ئاچقىمىغىن.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئاقىل بولساڭ، ئەقلىڭنى روشەن قىلىپ، گەپنى ئاز قىل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچىگى تور ئادرىسى

ھۆرمىتىڭنى ساقلىغىن.

سەئدى: «بوستان»دىن

دىل سىرىڭنى ئالدىراپ ئېچىپ قويما. ئۇنى خوپ بىلسەڭ، كېرەك چاغدا ئاچقىن. ئەگەر سىرىڭ ئەل ئىچىدە پاش بولسا، كېيىن ئۇنى قايتۇرۇۋالالمايسەن.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئادەم سۆزلەر، ئەمما ھايۋان سۆزلىمەيدۇ. ئىچ سىرىڭنى ھايۋانغا ئېيتساڭ ياماس.

سەئدى: «بوستان»دىن

شاللاق مىجەز ئىنسانغا سىر بەرگۈچە، ھايۋان بولۇپ يۈرگىنىڭ ياخشىراق.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئادەم ئۇچۇن ئەقىل بىلەن سۆز كېرەك. سەن ئەقىلسىز تۇتىدەك سۆز ئۆگەنمىگىن.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئادەمنىڭ ھايۋاندىن پەرقى سۆز بىلەندۇر. خاتا سۆزنى قوي، ئەسلا سۆزلىمىگىن.

سەئدى: «بوستان»دىن

ھەر ئىنسان ئاساسى يوق سۆزلەپ يۈرسە، قىلغان سۆزى پۈتۈنلەي لاپ بولىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

جىسمىڭ ئارا كۆز ـ قۇلاق هوشيار بولسۇن، ئېغىز سۆزگە، دىل ئەقىلگە يارالغان.

سەئدى: «بوستان»دىن

بۇزۇق دىلدىن ئەسلا ياخشى سۆز چىقماس.

سەئدى: «ساهبيا»دىن

ساغا سىر ئېيتقانغا ئىشىنىۋەرمە.

سەئدى: «ساهبيا»دىن

سۆزمەنلەر بىر خىللا بولسا ئىدى، مەيلى ئىدى، تولىمۇ ئەپسۇسكى، سۆزمەنلەرنىڭ تۈرى كۆپ.

پاقا قىياپەتلىك سۆزمەنلەر. ئۇلار كۈندۈزى سازلىقلاردا ياشايدۇ، كۈن ئولتۇرۇشى بىلەن تەڭ قىرغاقتا يېقىن كېلىپ بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ، تاڭ ئاتقۇچە كوركىراپ ئادەمنى بىزار قىلىدۇ.

پاشا قىياپەتلىك سۆزمەنلەر. بۇلارمۇ سازلىقتىن پەيدا بولىدۇ، ئادەمنىڭ قۇلىقىدىن نېرى كەتمەي ئادمنىڭ جېنىغا تېگىدىغان، يېقىمسىز ئىنچىكە تاۋۇش بىلەن گىڭشىلداپ ئادەمنى جاندىن جاق تويدۇرىدۇ.

چاقماق قىياپەتلىك سۆزمەنلەر. بۇلار غەلىتە بولۇپ، هەربىرى قورسىقىدا ئۆز چوتىنى سوقىدۇ. ئۇلارنىڭ قورسىقىدا زەمچە ۋە ئىسپىرت بىلەن ئايلىنىدىغان تاش بار.

كالا قىياپەتلىك سۆزمەنلەر. بۇلار ئوت ـ چۆپنى تويغۇدەك يەپ كوچا دوقمۇشلىرىغا چىقىدۇ ـ دە، ئۇزۇلدۇرمەي مۆرەيدۇ. ئۇلارنىڭ مۆرەشلىرى سۇ كالىلىرىنىڭ ئەڭ قوپال مۆرەشلىرىدىنمۇ

ياماندۇر.

ھۇۋقۇش قىياپەتلىك سۆزمەنلەر. ئۇلار مۇتلەق كۆپ ۋاقتىدا تۇرمۇشنىڭ قەبرىلىرى ئارىسىدا ئۆتكۈزىدۇ، كېچىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ھۇۋلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ يېقىملىق ئاۋازىمۇ ھۇۋقۇشنىڭ سايرىشىدىن سەتتۇر.

ھەرە قىياپەتلىك سۆزمەنلەر. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى تۇرمۇشتىكى ياغاچ ماتېرىياللىرىغىلا چۈشىدۇ، كۈن بويى تۇرمۇشنى پارچىلايدۇ، چىقارغان ئاۋازلىرىنىڭ ئەڭ ھۇزۇرلۇقلىرىمۇ ياغاچ تىلغاندىكى ھەرە ئاۋازىدىن ناچاردۇر.

دۇمباق قىياپەتلىك سۆزمەنلەر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قورساقلىرىغا يوغان كالتەك ـ توقماقلاربىلەن ئۇرۇپ، ئېغىزلىرىدىن دۇمباق ئاۋازىدىنمۇ قوپال ئاۋازلارنى چىقىرىدۇ.

بىكار تەلەپ سۆزمەنلەر. ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىش ـ كۈشى يوق. نەدە بوش ئورۇن بولسا، شۇيەردە ئولتۇرۇۋېلىپ پاراڭ سوقىدۇ. نېمە دېگىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

بىمەنە سۆزمەنلەر. ئۇلار كىشىلەرنى تېپىشماق تېپىشقا سالىدۇ. ئۆزلىرىمۇ تاپىدۇ ھەمدە يۇمۇر دەۋېلىپ ياردەم سورايدۇ. ھالبۇكى يۇمۇر جىددىي نەرسە، ئەمما ئۇلار بىلمەيدۇ.

ئورچۇق قىياپەتلىك سۆزمەنلەر. ئۇلار شامالدىن پايدىلىنىپ رەخت توقۇيدۇ، ئەمما ئۆزلىرى ئىشتانسىز.

قوڭغۇراق قىياپەتلىك سۆزمەنلەر. ئۇلار كىشىلەرنى ئىبادەتخانىغا كىرىشكە ئۈندەيدۇ، لېكىن ئۆزلىرى ئۇ يەرگە كىرمەيدۇ. دېمەك، «ھەممە ئىشنى موللا بىلىدۇ، بىلىپ تۇرۇپ كۆلگە سىيىدۇ».

قارىغۇجا قىياپەتلىك سۆزمەنلەر. بۇنداق سۆزمەنلەر توغرۇلۇق

شائىرلار: «ئۇچار ـ ئۇچمايلا ئۆزىنى لاچىن سانار» دەپ يازغان.
جىبران: S«سۆز ۋە سۆزمەنلەر»دىن

سۆزمەنلەرنىڭ تۇرى كۆپ، ئۇلارنى سانىمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. كىشىنى بەكرەك ھەيرانۇ ھەس قىلىدىغىنى «ئۇيقۇچان سۆزمەنلەر» بولۇپ، ئۇلارنىڭ خورىكىنى پۈتۈن ئالەم ئاڭلايدۇ، ئەمما ئۆزلىرى ئۇقمايدۇ.
جىبران: «سۆز ۋە سۆزمەنلەر»دىن

كىشىلەر مېنىڭ كۆپ سۆزلۈكۈمنى ماختاپ، كەم سۆزلۈكۈمنى ئەيىبلىگەندە، زېرىكىشىم باشلىنىدۇ.
جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن»دىن

مېنىڭ جىنلىقىم — جىمغۇرلۇقۇمدۇر. ئۆگۈنلۈككە مەن بىر كۆپ سۆز ئادەمگە ئايلىنىمەن.
جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن»دىن

ھاياتىمنىڭ ئىچكى ئاۋازى سېنىڭ ھاياتىڭنىڭ ئىچكى قۇلاقلىرىغا يېتىپ بارالمايدۇ، ئەمما، ئىچ پۇشۇقىمىزنى چىقىرىش ئۈچۈن كەل، سۆزلىشەيلى.
جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن»دىن



پەقەت گاچىلا سۆزمەنگە ھەسەت قىلىدۇ.
جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن»دىن

تىل —سۆز ۋاقىت خاراكتېرلىك بولمايدۇ. سەن ئۇنى دەۋاتقان ياكى يېزىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلىشىڭ كېرەك.
جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى www.uyghurkitap.com

سۆزمەن كىشى — ئەڭ بەختسىز ئادەمدۇر. ناتىق بىلگەن ھەر پىكىر ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق دېيەرلىك.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن»دىن

ئەدىب پىكىر، ھېسسىياتنى سۈرەتكە تارتىپ، ئۇلارنى پىش-شىقلاپ ئاندىن سۆزلەيدۇ؛ تەتقىقاتچى سۆزلەرنى توپلاپ تەھلىل قىلىپ، ئاندىن تەسىراتلىرىنى بايان قىلىدۇ.

جىبران: «بىر ئوچۇم قۇم»دىن

كىشىلەرنىڭ تۈن پەردىسى ئىچىدە تۈرۈپ قىلغان بارلىق يوشۇرۇن ئىشلىرى يەنە شۇ كىشىلەر تەرىپىدىن خەلقئالەمگە يېيىلىدۇ، بىزنىڭ ئادەمزاتسىز جىمجىت ئورۇنلاردا پىچىرلاپ قى-لىشقان گەپلىرىمىز ئۇزاقتا بارماي خەقلەرنىڭ ئېغىزىغا چىقىپ سۆز - چۆچەك بولىدۇ. بۈگۈن ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىقىلىۋېلىپ ئوغرىلىقچە قىلغان ئىشلىرىمىز ئەتىسىلا كوچا - كويلاردىكى غەيۋەتنىڭ تېمىسىغا ئايلىنىدۇ.

جىبران: «سۇنغان قانات»تىن

ئەگەر سىز كۆپرەك يەرلىك شېۋىدە سۆزلەيدىغان بولسىڭىز، ھېزى بولۇڭكى، سۆزىڭىزنى ھەممە كىشىنىڭ ئېنىق چۈشىنەل-شى ناتايىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرمۇنچە كىشىلەرگە سۆزىڭىز مە-نىسىز بىلىنىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن



بىر ئادەمنىڭ سۆزلەۋاتقان چاغدىكى سەممىيلىكى، ئۇنىڭ ئاۋازىغا راستچىللىق تۈسى بېرىدۇ، بۇنى ھەرقانداق ساختىلىق

بىلەن پەيدا قىلغىلى بولمايدۇ.
دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوّسۇش» تىن

ئۆزىمىزنى ئالدى بىلەن قايىل قىلالىغاندىلا، ئاندىن باشقىلا-
رنى قايىل قىلالايمىز.
دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوّسۇش» تىن

ئاڭلىغۇچىلار ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتسە، قىلىشقا تېگىش-
لىك بىرلا ئىش بار: كۇتكۇچىگە ئۇچلۇق تاياقتىن بىرنى تۇتقۇزۇپ،
ۋەز سۆزلىگۈچىنى قاتتىق نوقۇتقۇزۇش.
دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوّسۇش» تىن

ناتىق ھېسسىيات ۋە تەسىرلەندۈرگۈدەك قىزغىنلىق بىلەن
ئۆز مەقسىتىنى بايان قىلسا، ئاڭلىغۇچىلاردا قارشى ئوي ـ پە-
كىرنىڭ پەيدا بولۇشى كەمدىن ـ كەم بولىدۇ. مېنىڭ «تەسىرلەن-
دۈرگۈدەك» دېيىشىمىدىكى سەۋەب شۇكى، قىزغىنلىق شۇنداق
بولۇشى كېرەك. ئۇ بارلىق ئىنكار خاراكتېرىدىكى قارشى ئوي ـ
پىكىرلەرنى بىر چەتكە چۆرۈپ تاشلايدۇ، ئەگەر سىزنىڭ مەقسە-
تىڭىز قايىل قىلىش بولسا، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ھېسسىياتنى
قوزغاشنىڭ ئۈنۈمى پىكىرنى كۆپ سۆزلىگەننىڭكىدىن ياخشى
بولىدۇ. ھېسسىياتنى قوزغاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزدە
چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرۇشىڭىز كېرەك. سىزنىڭ روھىڭىز كۆز-
لىرىڭىز ئارقىلىق جۇلالىنىپ چاقنايدۇ، ئاۋازىڭىز ئارقىلىق تۆت
ئەتراپقا چېچىلىدۇ، پوزىتسىيىڭىز ئارقىلىق ئۆزىنى بايان قىلىدۇ
ۋە شۇندىلا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۆڭلىگە سىڭىپ كىرىدۇ.
دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوّسۇش» تىن

ئادەمنى قايىل قىلىدىغان ياكى چوڭقۇر تەسىرات پەيدا

www.uyghurkitap.com



قىلىدىغان نۇتۇق سۆزلەشتە، بىزدىكى چاتاق ئۆزۆمنىڭ مەقسىتىنى ھەممىنىڭ كۆڭلىگە سىڭدۈرۈۋېتىمەن دەپ، شۇ ھەلەكچىلىكتىلا بولۇپ كېتىپ، بۇنىڭ ئەكسىچە قارىمۇقارشى ئوي-خىياللارنى ئۆزلۈكسىز بىخلاندۇرۇپ، ئۆستۈرۈپ قويىدىغانلىقىمىزدا. سۆز بىلەن قايىل قىلىشقا ماھىر ئادەمنىڭ سۆزى ئاجايىپ قۇدرەتلىك، ئالاھىدە تەسىرلىك بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

ئەگەر سىز ماڭا: كېلىڭ، ئىككىمىز بىر پەس پاراڭلىشايلى، ئەگەر پىكرىمىز بىر يەردىن چىقمىسا، نېمە ئۈچۈن شۇنداقلىقىنى، بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ زادى نەدىلىكىنى تېپىپ چىقىپ ئۆزئارا چۈشىنىشەيلى دېسىڭىز، بىز دەرھاللا ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانچە يىراقلىق يوقلۇقىنى، كېلىشەلمەيدىغان تەرەپلىرىمىزنىڭ يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى، كېلىشەلەيدىغان تەرەپلەرنىڭ نۇرغۇنلۇقىنى، شۇنداقلا سەۋرچانلىق، سەمىمىيەت ھەمدە ھەمكارلىشىشتەك ئارزۇلا بولسا، بىزنىڭ ئاقىۋەت ئېجىل-ئىناق بولۇپ كېتەلەيدىغانلىقىمىزنى بايقايمىز.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

كىشىلەر سىزنى قىلچە تەييارلىقسىز تۇرغان ئەھۋالدا سۆزگە تەكلىپ قىلسا، كۆپىنچە ئۇلار سىزنىڭ مەلۇم بىر نوپۇزلۇق پىكىر قىلالايدىغان تېما توغرىسىدا قارىشىڭىزنى بىلدۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

شۇڭا، مېنىڭ بىرىنچى تەۋسىيەم شۇكى، ھەر خىل سورۇنلاردا نەق مەيداندىلا سۆز قىلىشقا پسىخىكا جەھەتتە ھەر دەم-ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇش كېرەك.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

سىز ئامما ئالدىدا نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىنغاندا، خۇشاللىقىڭىز ۋە قايىللىقىڭىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، باشقىلارنى ياكى ئۆزىڭىزنى ئۇزۇنراق نۇتۇق سۆزلەشكە كۆرسەتسىڭىز بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

تونۇشتۇرۇش سۆزى گەرچە قىسقا بولۇپ، بىرنەچچە مىنۇتتىن ئاشمىسىمۇ، ئەمما ئىنچىكىلىك بىلەن تەييارلاش لازىم. ئالدى بىلەن پاكىت توپلاش كېرەك.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

سۆز بەك ئۇزىراپ كەتسىمۇ ئادەمنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

تونۇشتۇرۇش سۆزى ئاز ھەم ساز بولۇشى كېرەك.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

ناتىقنى تونۇشتۇرغاندا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار:

(1) ناتىق سۆزلىمەكچى بولغان توغرا تېمىنى جاكارلاش، ئاندىن تونۇشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش.

(2) مۇھىملىقنى تەكىتلەش ئارقىلىق، تېما بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈك پەيدا قىلىش.

(3) ناتىقنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك بولغان ھەمدە سۆزلىمەكچى بولغان تېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىنى تونۇشتۇرۇش. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى توغرا ۋە ئېنىق جاكارلاش.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

www.uyghurkitap.com

تونۇشتۇرۇش سۆزى كۆڭۈلدىن چىققان تەبىئىي سۆز بولۇشى، قاتمال، جىددىي ئەمەس، بەلكى نەق مەيداندىلا ئېغىزغا كەلگەندەك راۋان بولۇشى كېرەك.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

ناتىقنى تونۇشتۇرۇشتا ئۇسلۇب ۋە سۆز ئوخشاشلا مۇھىم. سىز ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە دوستانىلىكىنى ئىپادىلىشىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ خۇشال ئىكەنلىكىڭىزنى دەپ ئولتۇرمايلا، تونۇشتۇرۇۋاتقاندا، چىن كۆڭلىڭىزدىكى خۇشاللىقنى ئىپادىلىشىڭىز كېرەك.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

ئەستايىدىللىق بولمىغان تونۇشتۇرۇش دائىملا ئاڭلىغۇچىلاردا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويىدۇ. سىز چىن كۆڭلىڭىز بىلەن سەمىمىي بولۇشىڭىز كېرەك.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

شان ـ شەرەپنى تونۇشتۇرغاندا، سۆزلەرنى سالماقلىق بىلەن تاللاپ ئىشلىتىشىمىز كېرەك. بۇ يەردە ئۇزاقتىن بۇياق سىناقلاردىن ئۆتكەن بىر يۈرۈش فورمۇلا بار:

(1) نېمە ئۈچۈن مۇكاپات بېرىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش. ئۇزاق مۇددەتلىك مۇلازىمىتى، بىرەر مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىققانلىقى ياكى مەلۇم مۇھىم نەتىجە ياراتقانلىقى ئۈچۈن مۇكاپات بېرىلگەنلىكى چۈشەندۈرۈلسىلا بولىدۇ.

(2) مۇكاپاتلانغۇچىنىڭ تۇرمۇش، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى بايان قىلىش. بۇنىڭغا ئاڭلىغۇچىلار بەكلا قىزىقىدۇ.

(3) مۇكاپاتلانغۇچىنىڭ مۇكاپات ئېلىشقا ھەقلىق

ئىكەنلىكىنى، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۇنىڭغا چوڭقۇر مۇھەببىتى بارلىقىنى بايان قىلىش.

(4) مۇكاپاتلانغۇچىنى قۇتلۇقلاش، كۆپچىلىكنىڭ ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا بولغان تىلەكلىرىنى يەتكۈزۈش.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوشلۇق» تىن

رەھمەت سۆزى مۇكاپاتلاش سۆزىدىنمۇ قىسقا بولۇشى، بۇرۇن بىز ئاڭلىغان نەرسە بولماسلىقى كېرەك. ئەمما، ئالدىن تەييارلىق بولسا ياخشى بولىدۇ. تۆۋەندە رەھمەت سۆزى ئېيتىشنىڭ بىرنەچچە تۈرلۈك قەدەم باسقۇچلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

(1) كۆپچىلىككە سەمىمىيەت بىلەن «رەھمەت» دەڭ.

(2) توغرىنى ئۆزىڭىزگە ياردەم بەرگەنلەرگە، ئىشداشلىرىڭىزغا، سىزنى ئىشلەتكۈچىگە، دوستلار ۋە ئائىلىدىكىلەرگە تالىق قىلىڭ.

(3) مۇكاپات بۇيۇمى ۋە مۇكاپاتنامىنىڭ ئۆزىڭىزگە بولغان ئەھمىيىتىنى سۆزلەڭ. ئەگەر ئۇلار ئورالغان بولسا، ئېچىپ ئاممىغا كۆرسىتىڭ. ئاڭلىغۇچىلارغا ئۇنىڭ ئاجايىپ رولى بارلىقى، چىرايلىقلىقى ۋە ئۇنى قانداق ئىشلىتىدىغانلىقىڭىزنى دەڭ.

(4) يەنە بىر رەت تەشەككۈر بىلدۈرۈپ سۆزنى تامام قىلىڭ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوشلۇق» تىن

ئۇزاقراق نۇتۇق سۆزلەشتە مۇھىمراق ئۈچ تەرەپ بار: دىققەتنى جەلپ قىلىش، تېكىست ۋە يەكۈن. بۇ ئۈچ باسقۇچنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئۆزىگە خاس ئۇسۇلى بار، پايدىلىنىپ جارى قىلدۇرۇشقا بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوشلۇق» تىن



ئادەملەرنىڭ دىققىتىنى دەرھال تارتالايدىغان مۇقەددىمىسىنى ئويلاپ تاپقاندىلا، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى چىڭ تۇتۇۋالغىلى بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوْسۇش» تىن

ئادەتتىكى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئابستراكت بايانلارنى سەۋر ـ تاقەت بىلەن ئۇزاق ۋاقىت ئاڭلىشى ناھايىتى قىيىن، ئۇنى ھەزىم قىلىشىمۇ بەك مۇشكۇل، مىساللار ئارقىلىق سۆزلەنسە ئوڭايلا قوبۇل قىلىدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوْسۇش» تىن

ناتىق ھېكايە ئارقىلىق نۇتۇق باشلىسا مەغلۇپ بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرى ئۆز تەجرىبىسى، تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى، ئۆز كەچۈرمىشى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىشەنچلىك روھىي ھالىتى ئۇنىڭ ئاڭلىغۇچىلار بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوْسۇش» تىن

تەقەززالىق پەيدا قىلىش جەزمەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوْسۇش» تىن

ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاش ئۈچۈن ئارتۇقچە گەپ قىلىپ ئولتۇرماي، ھە دېگەندىلا ۋەقەنىڭ يادروسىغا كىرىش كېرەك.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوْسۇش» تىن

زادى، زادىلا ئۇنتۇماڭكى، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنىلا ئە-مەس، پايدىلىق دىققىتىنى جەلپ قىلىش كېرەك.
دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن

ئېسىڭىزدە بولسۇن، ھېكايىنىڭ ئۆزىدە ھەرقانداق قىزىقار-لىق نەرسە كەمدىن ـ كەم بولىدۇ، پەقەت ئۇنى سۆزلەش ئۇسۇلىلا ئاڭلىغۇچىلاردا قىزىقىش قوزغايدۇ.
دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن

بەلكىم خۇشاللىق كەيپىياتى يارىتىشنىڭ ئەڭ ئاددىي ۋە ئۇ-نۇملۇك ئۇسۇلى ئۆزىڭىزنى كۈلكىلىك گەپنىڭ ماتېرىيالى قى-لىش بولسا كېرەك. ئۆزىڭىز يولۇققان بەزى بىمەنە ھەمدە خىجىل بولارلىق ھالەتلەرنى سۆزلىسىڭىز بولىدۇ. مانا بۇ يۇمۇرنىڭ ھە-قىقىي ماھىيىتى.
دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن

ھەرقانداق ئادەم بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى بىر ـ بىرىگە يەملەپ ـ چاپلاپ سۆزلىسە، ئاڭلىغۇچىلار كۈلمەي قالمايدۇ.
دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن



سېلىشتۇرۇشنى ئىشلىتىپ بىرەر ئاساسلىق كۆزقاراشقا ئىگە بولۇش، ناھايىتى ياخشى ماھارەت.
دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن

خاتىمە نۇتۇقتىكى ئەڭ ئىستراتېگىيىلىك نۇقتا.
دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن

نۇتۇق ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ بارلىق ئۇسۇللىرى ئىچىدە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئەڭ قوبۇل قىلىدىغىنى يۇمۇر ياكى شېئىر بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشتۇر. ئەمەلىيەتتە، ئەگەر سىز بىرەر ھېكمەتلىك سۆز ياكى شېئىر بىلەن نۇتۇقنى ئاخىرلاشتۇرۇسىڭىز، ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولىدۇ. ئۇ ئەڭ مۇۋاپىق ئالاھىدىلىك ھەمدە ئېپتىخارلىق كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ؛ سىزنىڭ ئالاھىدىلىكىڭىزنى نامايان قىلىدۇ؛ گۈزەللىك يارىتىدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوشلۇق» تىن

ئەڭ ئاخىرقى بىر ئابزاس ياخشى خاتىمە ۋە ياخشى مۇقەددىمىگە ئېرىشكەنگە قەدەر ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش، سىناق قىلىش. ئاندىن ئۇلارنى جەم قىلىش.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوشلۇق» تىن

ئۆز نۇتۇقلىرىنى قىسقارتىش ئارقىلىق بۇ تېز ئىلگىرىلەۋاتقان دەۋر كەيپىياتىغا ماسلاشمىغان ناتىق قارشى ئېلىنمايدۇ، ھەتتا بەزىدە ئاڭلىغۇچىلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوشلۇق» تىن

ئاڭلىغۇچىلار ئادەتتە ئەدەپلىك كېلىدۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالايدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئۇزۇن نۇتۇقلاردىن بىزارلىق ھېسسىياتى ئوخشاش.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوشلۇق» تىن

نۇتۇقنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ بىرتەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوشلۇق» تىن

ئاشكارا نۇتۇق سۆزلىگەندە، بىز ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە نىشان ـ مەقسەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز، مەيلى نۇتۇق مەزمۇنى، نۇتۇق سۆزلەش پوزىتسىيىسى جەھەتلەردىمۇ ئېنىق ئايرىشىمىز كېرەك.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

ئۆز مەقسىتىڭىزنى ئىپادىلەشكە قىزىققان چاغدا، كۆلىمى چەكلىك بولغان تەقدىردىمۇ، سىز ئۆز تەجرىبىلىرىڭىزنى تېپىپ، سۆز تېمىسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ماتېرىيالى قىلىشنى باشلايسىز. شۇنىڭ بىلەن، ئاجايىپ ئىش يۈز بېرىدۇ — نەزەر دائىرىڭىز كېڭىيىشكە باشلاپ، ھاياتىڭىزنىڭ يېڭى بىر قاتلاملىق مەنىگە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرەلەيسىز.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بولۇشى نۇتۇق سۆزلەشتىن ئىلگىرىكى پىكىر يۈرگۈزۈشىڭىز بىلەن زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك. ئۆزىڭىزنى تامامەن تەبىئىي ھالدا ئۆزۈمنى تونۇۋېلىپ نۇتۇق سۆزلەۋاتىمەن دەپ پەرەز قىلىپ باقسىڭىز بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

ئەگەر ناتىق راستىتىنلا نۇتۇق سۆزلەش ۋاقتى كېلىپ قالغاندىلا تەييارلىققا تۇتۇش قىلسا، ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ئۆز ئۇنۇمىنىڭ پەقەت يېرىمىنىلا جارى قىلدۇرالايدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

قاماقلىق ھالەتتە تۇرۇش ـ تۇرماسلىقتىن قەتئىينەزەر،

ھەرقانداق بىر مەخلۇق زادىلا تۇغما ناتىق بولغان ئەمەس.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوشلۇق» تىن

ئامما ئالدىدا نۇتۇق سۆزلەش پۈتۈنلەي سەنئەت ئەمەس، شۇنداقلا نۇرغۇن مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىدە بىزدىن ئىشىنىشنى تەلەپ قىلغاندەك، كۆپ يىللىق ئاۋازنى گۈزەللەشتۈرۈش ھەمدە ئىستىلىستىكىنىڭ سىرلىرى بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىقلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدىغان ئىشمۇ ئەمەس.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوشلۇق» تىن

باشقىلار بىلەن ئۈنۈملۈك سۆزلىشىش ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش — بىز يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتقانلار ئىنچىكىلەردىن ئاكتىپ ئىزدەيدىغان بىر خىل ئىقتىدار.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوشلۇق» تىن

ھېچقانداق بىر ھۇزۇر ۋە خۇشاللىق تىلنىڭ قۇدرىتىگە تايىنىپ، پۈتۈن مەيداندىكى ئاڭلىغۇچىلارنى ئۆزۈڭگە مايىل قىلغان چاغدىكى ھۇزۇر ۋە خۇشاللىققا يەتمەيدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوشلۇق» تىن

باشقىلارغا سۆزلەشنى ئۆگىتىۋاتقاندا، سىنىڭ ئۆزۈڭگە ئىشىنىشچانلىقىڭمۇ كۈچىيىدۇ، سىنىڭ پۈتكۈل خاراكتېرىڭمۇ بارغانچە تولۇقلىنىدۇ، گۈزەللىشىدۇ، بۇ سىنىڭ كەيپىياتىڭنىڭ ئەڭ ياخشى ھالەتكە ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. كەيپىيات ئەڭ ياخشى ھالەتكە ئۆتكەندە، جىسمىڭمۇ مۇقەررەر ھالدا ئەڭ ياخشى ھالەتكە ئۆتىدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى دۇنيايىمىزدا، ئەر - ئايال، ياش - قېرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى كۆپچىلىك ئالدىدا سۆز

قىلىدۇ. ئۆزۈم ئۇنىڭ سانائەت، سودا ساھەسىدە كىشىلەرگە زادى قانداق پايدا ـ مەنپەئەت ئەكېلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، پەقەت پاي- دىسى كۆپ دەپ ئاڭلىدىم. ئەمما، ئۇلارنىڭ ساغلاملىق جەھەتتىكى پايدىسىنى راست بىلمەيمەن. پەقەت پۇرسەتلا بولسا، بىرنەچچە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئادەمگە سۆزلەپ تۇرغاندا، ئادەم بارغانچە ياخشى سۆزلەيدىغان بولىدۇ. مەن شۇنداق قىلىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا سەن روھىڭ كۆتۈرۈلۈپ روھلۇق بولۇپ قالغانلىقىڭنى، مۇكەممەللەشكەنلىكىڭنى ھېس قىلىسەن. بۇنى بۇرۇن ھېس قى- لالمايتتىڭ.

بۇ بىر خىل شادلىق، گۈزەللىك تۇيغۇسى، ھەرقانداق دورا ساڭا مۇنداق تۇيغۇ بېرەلمەيدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوشلۇق» تىن

ھەرقانداق بىر ئادەم تىلنىڭ خىرىسلىرىنى باتۇرلۇق بىلەن قوبۇل قىلماقچى، ئاز سۆز بىلەن مول مەزمۇننى ئىپادىلەش ماھا- رىتىگە يەتمەكچى بولسا، جەزمەن قەتئىي ئىرادىگە كېلىشى كېرەك.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوشلۇق» تىن

خۇددى ئادەم سۇغا چۈشمىسە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنەلمىگەنگە ئوخشاش، نەچچە ئون ئادەم ئالدىدا گەپ قىلىشنى بىلمىسە، يۈز- لەپ ـ مىڭلاپ ئادەم ئالدىدا زادىلا نۇتۇق سۆزلىيەلمەيدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوشلۇق» تىن



ئامما ئالدىدا سۆز قىلىش بىزنى ئۆزىمىزدىكى قورقۇنچىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان قىلىدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوشلۇق» تىن

سىزنىڭ ئامما ئالدىدا سۆز قىلىشتىن قورقۇشىڭىزدىكى

ئاساسىي سەۋەب، ئامما ئالدىدا سۆز قىلىشقا ئادەتلەنمىگەنلىكىمىزدۇر.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

سۆز قىلىشنىڭ پۇرسىتى كۆپ، سىز ھەرقانداق بىر تەشكىلاتقا قاتنىشىپ، سۆز قىلىدىغان ۋەزىپە بىلەن پىدائىيلارچە شۇغۇللىنىپ كۆرۈڭ. ئاممىۋى يىغىلىشلاردا ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، قوشۇمچە بولسىمۇ بىرنەچچە ئېغىز سۆزلەپ ئۆزىڭىزنى كۆرسىتىپ قويۇڭ، سۆزلەڭ! گەپ قىلىڭ! ۋەزخانلىق قىلىڭ! ياكى بالىلار ئۆمىكىنىڭ يېتەكچىسى بولۇڭ، بىرەر تەشكىلاتقا قاتنىشىڭ، ئۆزىڭىزنى جانلىق ھالدا يىغىلىشلارغا قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىڭ. سىز تۆت ئەتراپىڭىزغا قاراپ باقسىڭىزلا شۇنى بايقايسىزكى، مەيلى قايسىبىر سودا كەسپى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ياكى سىياسىي، كەسپىي پائالىيەت، ھەتتا مەھەللىدىكى پائالىيەتلەر بولسۇن، ھەممىسىدە سۆز قىلغۇدەك پۇرسەت بار. سىز گەپ قىلسىڭىز، توختاپ قالماي سۆزلىسىڭىزلا، ئۆزىڭىزنىڭ نەقەدەر تېز ئالغا باسقانلىقىنى بىلىۋالىسىز.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

كۆپ ساندىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئامما ئالدىدا نۇتۇق سۆزلەش — بىر نامەلۇم سان. شۇڭا، ئادەم ئىختىيارسىزلا ئارامسىزلىنىدۇ، قورقىدۇ. يېڭى ماھىرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ بىر مۇرەككەپ ۋە ناتونۇش مۇھىت، ئۇ تېننىس توپى ئويناشنى ۋە ئاپتوموبىل ھەيدەشنى ئۆگىنىشتىنمۇ مۇرەككەپ. مۇنداق قورقۇنچلۇق مۇھىتنى بىرقەدەر نوقۇل ۋە ئازادىرەك مۇھىتقا ئايلاندۇرماقچى بولسىڭىز، تامامەن تەكرار قىلىش، يەنە تەكرار

قىلىشقا تايىنىشىڭىز كېرەك. شۇ چاغدا، سىز نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش بايقايسىزكى، نۇتۇقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سۆزلىگەندىكى تەجرىبىلىرىڭىزنى ئارقا تىرەك قىلىسىڭىز، ئامما ئالدىدا نۇتۇق سۆزلەش بىر خىل ئازاب ئەمەس، بەلكى خۇشاللىق.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

ئۆزىڭىزنى قوغداش، ئامما ئالدىدا كاللىڭىزنى قۇرۇق قاپاقتا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، نۇرغۇن ناتىقلارغا ئوخشاش نۇتۇقنى يادلاش پاتقىقىغا پېتىپ قالماڭ. ئەگەر مۇشۇنداق پىسخىك مەست-خۇشلۇقىغا ئېلىپ بارىدىغان كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالسىڭىز، قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ۋاقىت ئىسراپچىلىقىغا يىرىل-گەن بولىسىز - دە، نۇتۇق ئۈنۈمىنى تامامەن ۋەيران قىلىۋېتىسىز.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

تېمىڭىز ئۈستىدە ئەتراپلىق ئويلىنىپ، ئۇنى كامالەتكە يەت-كۈزۈڭ، ئۇنىڭدا ھېسسىيات جۇشقۇنلاپ تۇرسۇن... ئاندىن ئۇ پە-كىرلەرنى بىرنەچچە جۈملە قىلىپ، مەقسىتىڭىزنى روشەن ئىپا-دىلەيدىغان قىلىپ يېزىۋېلىڭ... مانا مۇشۇنداق رەتلەش ئارقىلىق پارچە - پۇرات نەرسىلەر بىر پۈتۈن نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

سۆھبەت باشلانغان ھامان، قارشى تەرەپنى «شۇنداق، شۇنداق» دەيدىغان قىلىپ قويۇڭ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىختىلاپنى ئۇنتۇيدۇ ھەمدە تەكلىپىڭىزنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

باشقىلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، گەپنى ئۆزگىچە قاراشلارنى

www.uyghurkitap.com

مۇزاكىرە قىلىشتىن باشلىماي، ئىككى تەرەپ قوشۇلىدىغان ئىشلاردىن باشلاشنى تەكىتلەش كېرەك — يەنە كېلىپ ئۆزلۈكسىز تەكىتلەش كېرەك.

**دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن**

ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەننىكەن، چىڭ تۇرۇش كېرەك.

**دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن**

بىر ئادەم (ياق) دېگەندە، ئەسلىي ئويىدىمۇ ھەقىقەتەن ئىنكار قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئېيتىدىغىنى ئاددىي ھالدىكى (ياق) دېگەن مەنىلا ئەمەس. ئۇنىڭ بارلىق ئەزالىرى — ئىچكى ئاجرالمىلىرى، نېرۋىلىرى، مۇسكۇللىرى — بىر خىل قارشىلىق ھالىتىدە ئۇيۇشقان بولىدۇ، ئادەتتە بەدەندە بىر خىل يىغىلىش ھالىتى ياكى يىغىلىشقا تەييارلىنىش ھالىتى پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قىسقىسى، پۈتكۈل نېرۋا ۋە مۇسكۇل سىستېمىسىدا قوبۇل قىلىشقا قارشى تۇرۇش ھالىتى شەكىللىنىدۇ. ئەكسىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر ئادەم (ماقۇل) دېگەندە، بۇنداق يىغىلىش ھادىسىسى پەيدا بولمايدۇ. بەدەندىكى ئەزالار ئالغا بېسىش، قوبۇل قىلىش ۋە ئېچىۋېتىش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ. شۇڭا، سۆھبەت باشلانغان چاغدىلا بىز (شۇنداق، شۇنداق) دەيدىغان ئەھۋالنى قانچىكى پەيدا قىلالىساق، قارشى تەرەپنى ئۆزىمىزنىڭ ئاخىرقى نىشانىمىزغا شۇنچە ئاسان جەلپ قىلدۇرالايمىز.

**دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن**



سۆھبەتلەشكەندە باشقىلارنى بۇ ئۆزۈمنىڭ پىكرى، دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرۈڭ.

**دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن**

سىز باشقىلارنىڭ كۆزقارىشى ۋە سېزىمى مېنىڭ كۆز قارىشىم ۋە سېزىمىم بىلەن ئوخشاشلا مۇھىم، دەپ قارايدىغانلىقىڭىزنى ئىپادىلىگەن چاغدىلا، سۆھبەت ئاندىن ئىناق كەيپىيات ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. سۆھبەت باشلانغاندا، سۆھبەتنىڭ مەقسىتى ياكى نىشانىنى قارشى تەرەپنىڭ ئۆزى دېسۇن. ئەگەر سىز ئاڭلىغۇچى بولسىڭىز، دېمەكچى بولغانلىرىڭىزنى ئاڭلىماقچى بولغىنىڭىزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە قاراپ بەلگىلەڭ. ئەگەر قارشى تەرەپ ئاڭلىغۇچى بولسا، سىز ئۇنىڭ كۆزقارىشىنى قوبۇل قىلىڭ، شۇنداق قىلسىڭىز، ئۇنى كۆڭۈل ـ كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ سىزنىڭ كۆزقارىشىڭىزنى قوبۇل قىلىشقا ئىلھاملاندۇرالايسىز.

**دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن**

بۇ قىزىقارلىقتا تولغان دەۋر. بىر خىل پاكىتنى بايان قىلىش بىلەنلا قانائەتلىنىشكە بولمايدۇ، پاكىتنى تېخىمۇ جانلىق، قىزىقارلىق قىلىش ۋە تىياتىرلاشتۇرۇش كېرەك. سىز كىشىلەرنى جەلپ قىلىدىغان ئۇسۇلنى قوللىنىشىڭىز كېرەك.

**دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن**



بىر ئادەمنى كۆڭلىنى ئاغرىتماي تۇرۇپ ئۆزگەرتمەكچى بولسىڭىز ھەمدە نەپرەت سۆزلىرى كېلىپ چىقمىسۇن دېسىڭىز، ئىشنى ماختاش ۋە سەمىمىيلىك بىلەن مىننەتدار بولۇشتىن باشلاڭ.

**دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن**

باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماي، غەزىپىنى كەلتۈرمەي

تۇرۇپ ئۆزگەرتىشتە، بىۋاستە بۇيرۇق چۈشۈرمەي سوئال سورالىدۇ.
دالى كارنېگ: «گۈزەل هايات»تىن

ئەگەر سىياسىي ۋە قانۇن ساھەسىدە بەخت قۇشىنى قوندۇرماقچى بولسىڭىز، گرامماتىكىنى چۈشەنمىسىڭىز بولمايدۇ.
دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىنىڭ شانلىق نۇرى» دىن

سۆزلەش ماھارىتى نام ـ ئاتاق چىقىرىشنىڭ ئەڭ ئاسان يولى، ئۇ سىزنى كىشىلەرگە تونۇتۇپ، قەد كۆتۈرگۈزىدۇ. سۆزگە ماھىرلىقى بىلەن ئالقىشلانغان كىشىلەر كۆپ ھاللاردا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىقتىدارىدىن ئارتۇق تۆھپە كۆرسىتىدۇ.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ھەرقانداق ئىشتا سەمىمىيلىك بىلەن قارشى تەرەپنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە پىكىر يۈرگۈزۈڭ.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

مەن ۋەدەمدە تۇرسام، ئۇلارمۇ ۋەدىسىدە تۇرىدۇ.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

كىشىلەر ياخشى كۆرمەيدىغاننى ھەرقانچە بازارغا سالسىڭىزمۇ بىكار.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن



تىل بىلىم، ئەقىل ـ پاراسەتكە تىلماچتۇر، بۇ راۋان تىلنى كىشىنى يورۇتقۇچى (دەپ) بىل.
يۇسۇپ خاس ھاجىپ

تىل كىشىنىڭ قەدرىنى ئاشۇرىدۇ، (ئۇنىڭ بىلەن) كىشى

بەختكە ئېرىشىدۇ.

**يۇسۇپ خاس ھاجىپ**

تىل كىشىنى خورلاپ قويىدۇ، (ئۇنىڭ بىلەن) ئەرنىڭ بېشى كېتىدۇ.

**يۇسۇپ خاس ھاجىپ**

تىل (گويا) ئىشىكتە ياتقان ئارسلاندۇر. ئەي ئۆي ئىگىسى ئېھتىيات قىل، بېشىڭنى يەيدۇ.

**يۇسۇپ خاس ھاجىپ**

تىل (ئازابى) دىن قىينالغان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا، بۇ سۆزگە ئەمەل قىلىپ، (ئۇنى) ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىل: رەببى، تىل ماڭا قانچىلىك كۆپ جاپا چەكتۈردى، بېشىمنى كەسمىسۇن ئۈچۈن، تىلىمنى كېسەي.

**يۇسۇپ خاس ھاجىپ**

سۆزۈڭگە ئېھتىيات قىل، بېشىڭ كەتمىسۇن؛ تىلىڭنى كۆ- زەتكىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن.

**يۇسۇپ خاس ھاجىپ**

سەن ئۆزۈڭگە ئېسەنلىك تىلىسەڭ، تىلىڭدىن يارامسىز سۆزلەرنى چىقارما.

**يۇسۇپ خاس ھاجىپ**

سۆزنى بىلىپ سۆزلىسەڭ بىلىمگە ياتىدۇ، بىلىمسىزنىڭ سۆزى ئۆزىنىڭ بېشىنى يەيدۇ.

**يۇسۇپ خاس ھاجىپ**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كۆپ سۆزلىمە، زۆرۈر بولغاندا ئاز سۆزلە، تومەن سۆزنىڭ تۈگۈنىنى بىرلا سۆز بىلەن يەش.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كۆپ سۆزلىسە، قۇرۇق گەپ ساتتى دېيىشىدۇ. ئەگەر سۆزلىمىسە، كېكەچ ئىكەن دەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇستىلىق بىلەن ئىش قىل، ئۇستىلىق بىلەن قىلىنغان ئىش كىشىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تىلىڭنى قاتتىق ساقلا، بېشىڭ ساقلىنىدۇ؛ سۆزۈڭنى قىسقارتقىن، يېشىڭ ئۇزىرايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تىلنىڭ كۆپ پايدىسى بار، زىيىنىمۇ نۇرغۇن. تىل بەزىدە ماختىلىدۇ، بەزىدە مىڭ تۈرلۈك سۆكۈش (ئالىدۇ).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سۆزنى بىلىپ سۆزلە، سۆزۈڭ كۆزسىز قارىغۇغا كۆز بولسۇن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



تۇغۇلغان (ئادەم) ئۆلىدۇ، سۆزى بەلگە بولۇپ قالىدۇ. سۆزۈڭنى ياخشى سۆزلە، ئۆزۈڭ ئۆلمەيسەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئىككى نەرسە بىلەن ئادەم قېرىمايدۇ: بىرى ياخشى ھەرىكەت،

بىرى ياخشى سۆز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئادەم تۇغۇلىدۇ، ئۆلىدۇ، باقىنىڭكى ئۇنىڭ سۆزى قالىدۇ، ئىنسان ئۆزى كەتسىمۇ، نامى قالىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سەن ئۆلمەيدىغان بىر ھايات تىلىسەڭ، خۇلق - مىجەزىڭ بىلەن سۆزۈڭنى ياخشى قىل.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھەممىلا سۆزنى يىغسا ئەقىل ماقۇل كۆرمەيدۇ، كىشى ھاجەتلىك سۆزنى سۆزلەيدۇ، يوشۇرمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىدىن كىشىگە (قالىدىغان) مىراس سۆزدۇر، ۋەسىيەت قىلىنغان سۆزنى ئېسىڭدە تۇتساڭ پايدىسى كۆپتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

دىققەت قىل، سۆزۈڭ خاتا بولسا، ساڭازىيان - زەخمەت يېتىدۇ. خەقنىڭ تىلى يامان، ئۇ گېپىڭنى قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ قىلىقى ھەسەتخور، گۆشۈڭنى يەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سۆز —تۆگە بۇرنىدەك چۇلۇكلۇك (نەرسىكى)، تۆگىنى قاياققا يېتىلىسە، (شۇ ياققا) كېتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سۆزنى بىلىپ سۆزلىگۈچىلەر كۆپ، بۇنى چۈشەنگۈچىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

مەن ئۇچۇن بەك ئەزىزدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھەممە سۆزۈڭنى بىلىم بىلەن سۆزلە، ھەممە كىشى بىلىم بىلەن بۈيۈك بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بىلىملىك (كىشى) بىلىمنى تىل بىلەن بايان قىلمىسا، ئۇنىڭ بىلىمى يىللاپ ياتسىمۇ (ئەتراپنى) يورۇتالمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۆلۈكتىن تىرىككە مىراس قالىدىغان نەرسە سۆزدۇر. مىراس قالغان سۆزنى ئاڭلىسا، (ئۇنىڭ) كۆپ پايدىسى بار.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشى كۆركى سۆزدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەقىل كۆركى تىلدۇر، تىلنىڭ كۆركى سۆز،كىشىنىڭ كۆركى يۈزدۇر، يۈزنىڭ كۆركى كۆز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئىنسان سۆزىنى تىلى بىلەن سۆزلەيدۇ، سۆزى ياخشى بولسا، يۈزى يورۇق بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئادىل كىشىنىڭ تىلى سۆزلەرگە ئاساس سالىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بىلىملىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلا، بويۇن تولغىما، سورىماستىن بۇرۇن سۆزۈڭنى سۆزلىمە. كىم بىرسىنى لازىم تېپىپ، خالاپ چاقىرسا، ئۇ ئۆزى ئالدى بىلەن سۆز باشلايدۇ.

**يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

سورىماستىن ئاۋۋال سۆز سۆزلىگەننى ھايۋان دېسە، توغرا ئېيتقان بولىدۇ.

**يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

(بىر نەرسە) سورىمىغان بەگلەرگە سۆز ئاچقانلار تەلۋە، ئەخمەقتۇر.

**يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

قىزىل تىل ئۆمرۈڭنى قىسقارتىدۇ، ئېسەنلىك تىلىسەڭ، ئۇنى قاتتىق باغلا.

**يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

قارا باشنىڭ يىغىسى قىزىل تىلدۇر، ئۇ نەچچىلىگەن باشلارنى يېگەن، يەنىمۇ يەيدۇ.

**يۈسۈپ خاس ھاجىپ**



بېشىڭنىڭ ئامانلىقىنى تىلىسەڭ، تىلىڭغا ئېھتىيات بول، تىلىڭ ھەر كۈنى بېشىڭغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ.

**يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

بىلىمسىزلەرنىڭ تىلى سۆزنى ساقلىيالمايدۇ.

**يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى

بىلمىسىزنىڭ تىلى دائىم باغلاقتا بولۇشى لازىم.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بىلىملىك كىشى تىلغا ھاكىم بولۇشى كېرەك.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بىلىملىكنىڭ سۆزى (گويا) يەرگە سۇدەكتۇر، سۇ ئاققان يەردىن نېمەت ئۈنىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بىلىملىك كىشىنىڭ سۆزى تۈگىمەيدۇ، ئېقىپ تۇرغان بۇلاقنىڭ سۈيى ئۈكسۈمەيدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

(ئەگەر) تىلنىڭ زىيىنى تەگسە، تىرىكلىك تۈگەيدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشى كېرەكلىك سۆزنى سۆزلەيدۇ، يوشۇرمايدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشى سۆزلىشى ئۈچۈن (ئاۋۋال) سوراش كېرەك. سورىمىسا، سۆزنى چىڭ ساقلاش لازىم.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەگەر تىلنىڭ زىيىنىدىن قورقساڭ، بارچە پايدىلىق سۆزلەرنىڭ ئېيتىلماي قالىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بىھۇدە سۆز بىلىمسىزنىڭ تىلىدىن چىقىدۇ، دانالار بىلىمسىز كىشىنى ھايۋان ئاتايدۇ. قارا باشنى يېگەنمۇ بىھۇدە سۆزدۇر.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سۆز ئورۇنسىز سۆزلەنسە، كۆپ زىيان كەلتۈرىدۇ، ئەگەر (سۆزنى جايىدا) سۆزلەشنى بىلسە، پايدىسى بولىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئاۋامنىڭ قارنى تويسا ئۆكۈزدەك ياتىدۇ، بىھۇدە سۆزگە ئاۋۇنۇپ، ئۆزىنى سەمرىتىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ۋۇجۇدنىڭ نېسىۋىسى بوغۇزدىن كىرىدۇ، روھنىڭ نېسىۋىسى بولغان چىن سۆز قۇلاقتىن كىرىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سۆزنىڭ ئورنى سىردۇر، سۆز سانى ئون بولسا، سۆزلىنىدىغىنى بىر (بولۇشى كېرەك). بىرىنى سۆزلەپ، توققۇزىنى تىيغۇلۇق، (چۈنكى) تىيىلىدىغان سۆز ئەسلىي بەتبۇي بولىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

(سۆز) جايىدا قوللىنىلسا، قۇلنى يۈكسەلدۈرىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سۆزنىڭ پايدىسى تۇپەيلىدىن بوز يەردىكى (كىشى) يېشىل كۆككە ئۆرلەيدۇ، تۆردە بولىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەگەر تىل جايىدا سۆزلەشنى بىلمىسە، يېشىل كۆتىنى كىشىنى (يەرگە) چۈشۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كۆپ سۆز دېگەن شۇكى، سورىمىغاننى سۆزلەپ كۆڭۈلگە تېگىش.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سۆزنى ئوبدان ئويلىنىپ، ياخشى سۆزلىگىن، سورىغاندىلا سۆزلە ۋە تېزلا توختا.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سۆزنى كۆپ ئاڭلا، (لېكىن) نۇرغۇن سۆزلىمە، بىلىم بىلەن (سۆز) تۈز، پاراسەت بىلەن سۆزلە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سۆزنى دانادىن ئاڭلاپ، كېيىن بىلمىسىزگە ئېيتىش كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كۆپ سۆزلەش بىلەن كىشى ئالىم بولالمايدۇ، ئالىم كۆپ ئاڭلاپ تۆرنىڭ بېشىغا ئېرىشىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تىل بىلەن سۆزلەنمىسە، (بىلىم شۇ پېتى) قېلىۋېرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تىلنى سۆكۈشكىلا بولمايدۇ، ماختىلىدىغان يەرلىرىمۇ كۆپ،

سۆزنىڭمۇ ماختىلىدىغان ۋە سۆكۈلىدىغان تەرەپلىرى بار.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ۋۇجۇدى بارلىقى كىشى ئۈچۈن كېرەك (نەرسە)، بىرى تىل بىلەن سۆز، (يەنە) بىرى كۆڭۈل.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كۆڭۈل ۋە تىلنى توغرا سۆز ئۈچۈن ياراتقان، سۆزى ئەگرى بولغانلار ئوتتا كۆيۈشكە مەجبۇرلىنىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

توغرا سۆزنى سۆزلىسە پايدىسى كۆپتۇر. ئەگەر ئەگرى سۆز- لىسە، دائىم سۆكۈشكە ئۇچرايدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

توغرا سۆزلىمەكچى بولساڭ، تىلىڭ تەۋرىسۇن، سۆزۈڭ ئەگ- رى بولسا، (ئۇنداق) سۆزنى يوشۇرغىن.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سۆزلىمىگەن ئادەمنى كىشىلەر كېكەچ دېيىشىدۇ. كۆپ سۆزلىسە، نامى ۋالاقتەككۇرلەرنىڭ بېشى بولىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ



كىشىلەرنىڭ قەدىرسىزى ۋالاقتەككۇرلەردۇر.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئىككى يۈزلۈك كىشىگە گېپىڭنى ئېيتما، سۆزۈڭ يېيىلىپ كېتىدۇ ھەم سىرىڭ ئېچىلىپ قالىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھەممە سۆزنى ئاڭلا، لېكىن تېزلا ئىشىنىپ كەتمە، كۆڭۈلدىكى سىرىڭنى ئاچما، (ئۇنى) چىڭ ساقلا، يوشۇر. كۆپكە قېتىلساڭ، سۆزۈڭگە مەھكەم بول، باشقىلارنىڭ ئۆيىدە كۆزۈڭگە ئېھتىيات قىل.

**يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

كىرىمگە قاراپ مېلىڭنى چىقىم قىل، ئۆزۈڭگە لايىق بولمىغان سۆزلەرنى سۆزلىمىگىن.

**يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

كىشىگە تىلىڭدىن قوپال سۆزلەرنى چىقارما، قوپال سۆز يېلىنجاپ كۆيگەن ئوتقا ئوخشىشىدۇ.

**يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

ئىنسان ئۈچۈن پايدىلىق مىراس — سۆزدۇر. مىراس سۆزلەرگە ئەمەل قىلىشنىڭ يۈزلەرچە پايدىسى بولىدۇ.

**يۈسۈپ خاس ،اجىپ**

سۆزنى سۆزلىگۈچى جېنىنى ئۈپرىتىدۇ، ئاڭلىغۇچى ھۇزۇرلىنىدۇ ۋە ۋۇجۇدىنى سەمرىتىدۇ.



**يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

سۆزنى (كۆپ) سۆزلىمەسلىك، ئاڭلاش (ۋە) ئويلاش كېرەك. كىشى ئاڭلاش بىلەن ئالىم بولىدۇ، كۆپ سۆزلەش بىلەن كىشىنىڭ بېشى كېتىدۇ. ئاڭلاش قۇلاق ئۈچۈن بىر لەززەتتۇر. كۆپ سۆزلىگەن سۆزدە مەنپەئەت يوقتۇر.

**يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

سۆزلەنمىگەن سۆز ساپ ئالتۇنغا ئوخشىشىدۇ، ئۇنى ئېغىزدىن چىقارساڭ مىسقا ئايلىنىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئاغزىڭدىن چىققان سۆزلەر شېكەردىنمۇ شېرىن بولسا، بەگ، قۇل، ئۇلۇغ ۋە كىچىكنىڭ ھەممىسى ساڭا بويسۇنىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

دەڭسەپ سۆزلەيدىغان كىشىنىڭ سۆزى قۇسۇرسىز بولىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەس ـ ھوشلۇق كىشى سۆزنى ئۇنتۇمايدۇ. ئەس ـ ھوشى بولمىسا، سۆزدە تۇرالمايدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئىنسان سۆزى بىلەن سۆكۈپ، تىلى بىلەن ئازار بەرسە، بۇ سۆڭەككە ئاغرىق، كۆڭۈلگە ئوت بولىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۇرۇلغان قامچىنىڭ يارىسى ساقىيىدۇ، تېزلا پۈتۈپ كېتىدۇ. تىل بىلەن سۆكسە، ئاغرىقى يىللار بويى قالىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تىلى ئۈز كىشى سىڭىشلىق بولىدۇ، سۆزى ئۈز كىشىنىڭ ئىشىمۇ يارامىلىق بولىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سۆزى يۇمشاق شېكەردەك شېرىن بولسا، شېرىن سۆزگە

چوڭىمۇ ـ كىچىكمۇ يۇمشايدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

بۇ ئاغزىڭ مىسالى ئۆڭكۈرگە ئوخشاشتۇر. سۆزۈڭ ئۇنىڭدىن چىقسا، سەھەر شامىلىدەك (تېز) تارايدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

(سۆز) دۇنياغا تارالسا، يىغىۋالغىلى بولمايدۇ، ئۇنى ھەممە خەلق ئاڭلايدۇ، توسۇۋالغىلى بولمايدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ئېغىزدىن بەزىدە ئوت، بەزىدە سۇ چىقىدۇ، (بۇلارنىڭ) بىرى تۈزەيدۇ، بىرى بۇزىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

كېرەكسىز سۆزۈڭ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئوخشىشىدۇ، ئۇنى ئاغ-زىڭدىن ھەرگىز چىقارما، ئۆزۈڭ كۆيىسەن.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ئېغىزدىن چىققان ياخشى سۆز ئاقار سۇغا ئوخشىشىدۇ، ئۇ قاياققا ئاقسا، شۇ يەردىن گۈل ـ چېچەك ئېچىلىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

كۆڭۈل سىرىڭنى چىڭ تۇت، ئۇنى سۆزلىمە، ئەگەر سۆزلە-سەڭ، يىللار بويى پۇشايمان يەيسەن.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

قېرىلارنىڭ سۆزى يىگىتلەرگە كۆزدۇر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

كىشىلەرگە (ھەرگىز) قوپاللىق قىلما، قوپال سۆز ئۇزاق يىل دىلنى رەنجىتىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ئۇزاق (قىلىنغان) سۆزلەرنىڭ پايدىسى يوق، (سۆز) تېخىمۇ ئۇزىراپ كەتسە ئۇنىڭ تەمى قالمايدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

تىلەپ ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسىنى تىلەش — يامان، ئۆتمەيدىغان سۆزنى قىلىش — قەدىرسىزلىكتۇر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

سۆزنى سۆزلىمىسەڭ، (ئۇ) ساڭا قۇل بولىدۇ. ئەگەر سۆزلەپ قويساڭ، (ئۇ) سېنى قۇل قىلىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

سۆزنى ھېسابىدا سۆزلە، ئالدىراپ ھودۇقۇپ كەتمە، ئا[illegible]ىراپ قىلىنغان سۆز كېيىن پۇشايمان بولىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

سۆزنى يوشۇرۇپ قالسا، ئاخىرى خام بولىدۇ، قايسى نەرسە خام بولسا، تېگى دەرد بولىدۇ. پىششىق بولۇشنى خالىسا، سۆزنى پىشۇرۇش كېرەك. ئىشەنچلىك بولۇشنى خالىسا، ئۆزىنى ئىشەنچلىك (تۇتۇش) كېرەك.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

سەندىن چوڭراقلار سۆز قىلسا، سەن ھەممە سۆزۈڭنى قويۇپ،

ئۇنى ئاڭلا. سۆزنى توغرا سۆزلىگىن، يۈزۈڭ يورۇق بولسۇن، ئۆزۈڭگە لايىق بولمىغان سۆزنى سۆزلىمىگىن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كۆپچىلىككە ئۆزۈڭنى ياخشى كۆرسىتىشنى خالىساڭ، دەم-لىك بىلەن تىلىڭنى بىرلەشتۈر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سۆز (شىددەتلىك) بورانغا ئوخشىشىدۇ، كۆڭۈلنى ئاغرىتىدۇ، كىشىنىڭ كۆڭلى ئاغرىسا، ساڭا دۈشمەنلىك قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۆزۈڭدىن ئۇلۇغلارنىڭ سۆزىنى رەت قىلما.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كۆپ سۆزلىمە، سەۋرچان بول، تىلىڭنى بايقا، كۆپ سۆزلە-گەن سۆزنىڭ ئىناۋىتى ئاز بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

شائىرلارنىڭ تىلى قىلىچتىنمۇ ئۆتكۈررەك، تەپەككۇر قى-لىش يولى قىلدىنمۇ نازۇكراقتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سۆزنىڭ پايدىسى كۆپ سۆزلەشتە ياكى سۆزنى تىڭشىماق، كۆپ ئاڭلاشتا ئەمەس. سۆزنىڭ پايدىسى شۇكى ئاڭلىغان سۆزۈڭنى (كۆڭۈلدە) تۇتۇپ، ئەمەل قىل (ۋە) ئۆزۈڭنى توغرا يولغا سال.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۇغرا سۆز قوپال (بولىدۇ)، كۆڭۈلگە ئاچچىق تېگىدۇ. ھەزىم قىلسا، ئۇنىڭ پايدىسى، لەززەت بېرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قاتتىق تەگسىمۇ، قوپال سۆزگە غەزەپلەنمە، تۇغرا سۆز قوپالدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سۆزنى ئاڭلا، (لېكىن) ھەممىسىنى كۆڭلۈڭدە تۇتما.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سۆزلەرنى ئاڭلىغىن، (لېكىن) راست ـ يالغىنىنى تەكشۈر، راستىنى ئۆزۈڭدە قالدۇر، يالغىنىنى جازالىغىن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سۆز ئۈنچىدۇر، ئۇنىڭ دېڭىزى كۆڭۈلدۇر، كۆڭۈل پۈتۈن مەنىلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغۇچىدۇر، گۆھەر دېڭىزدىن غەۋۋاس ۋاسىتىسى بىلەن چىقىپ، ئۆز جىلۋىسىنى نامايىش قىلىدۇ ۋە گۆھەر شۇناسلار ئىچىدە ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، كۆڭۈلدىكى سۆز ئۈنچىلىرىمۇ نۇتۇق شەرىپىگە شۇ ئىشنىڭ ماھىرلىرى ۋاسىتىسى بىلەن ئېشىپ، ئۆز كۆركىنى تاپىدۇ ۋە ئۆز قىممىتى ھەم مەرتىۋىسىگە قاراپ يېيىلىدۇ، شۆھرەت قازىنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

كۆڭۈل خەزىنىسىدە گۆھەر بارلىقى ياكى ئۇششاق سەدەپ

بارلىقى سۆزدىن بىلىنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئېيتىدىغان سۆزنى ئېيتىپ، ئېيتماس سۆزدىن قايت. ئاقىل چىن سۆزدىن باشقىسىنى دېمەس، ئەمما، راست دەپ ھەممىنى دەۋېرىش ئاقىلنىڭ ئىشى ئەمەس.

ئەلىشىر نەۋائى

تىلنى ئىختىيارىڭدا ئاسرىغىن، سۆزۈڭنى ئېھتىيات بىلەن دېگىن، پەيتى كەلگەندە دەيدىغان سۆزنى دەۋال، دېمەيدىغان سۆزنىڭ يېنىغا يولىما.

ئەلىشىر نەۋائى

كۆپ سۆزلەپ نادان بولۇپ قالمىغىن، كۆپ يەپ ھايۋان بولۇپ قالمىغىن.

ئەلىشىر نەۋائى

راست سۆز گۈزەلدۇر، قىسقىراق بولسا تېخىمۇ گۈزەلدۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

تىل ئۇقىنىڭ كۆڭلىدىكى يارىسى ساقايماس، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە مەرھەم (داۋا) بولالماس، ھەرقانداق كۆڭۈلگە تىلدىن جاراھەت يېتىدۇ، يۇمشاق سۆز، شېرىن تىلدىن راھەت يېتىدۇ، مۇلايىم سۆز ياۋايىلارنى دوستلۇققا باشلايدۇ، سېھىرگەر يىلاننى ئەپسۇن بىلەن تۆشۈكتىن چىقىرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ھەم ئۇزۇن، ھەم بىمەنە سۆز ئەگەر سۇرەتكە كەلسە، ئۇ خۇددى پاقىغا ئوخشىشىدۇ. كىشىلەرگە بەخت ۋە روھ بېغىشلايدىغان ھەم



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

تىل؛ نەسلىك، بەختسىزلىك يولتۇزىنىڭ چىقىدىغان ئورنىمۇ ھەم تىل. تىل قابىلىيىتى ئۈستۈن كىشى ئەقىللىق كىشىدۇر، ئۆز سۆزىگە ئىگە بولالمىغان كىشى پەس كىشىدۇر.
ئەلىشىر نەۋائى

تىلىڭ بىلەن دىلىڭنى بىر تۇت؛ ھەم دىلى، ھەم تىلى بىلەن ئېيتقان سۆزگە ئىشەن! سۆزنى كۆڭۈلدە پىشۇرمىغۇچە تىلغا كەل-تۈرمە، يا كۆڭۈلگە كەلگەننى دەپ يۈرمە.
ئەلىشىر نەۋائى

كىشى شېرىن سۆزلۈك بولۇپ، گەپنى پاساھەتلىك قىلسا، باشقىلارنى ئۆزىگە قارىتالايدۇ.
ئەلىشىر نەۋائى

ئەيىبسىز كىشىنى تىل تىغى بىلەن رەنجىتىش ساق كى-شىنى جاراھەتلەندۈرۈش بىلەن ئوخشاش.
ئەلىشىر نەۋائى

كۆڭۈلگە خاپىلىق كەلتۈرىدىغان قوپال، راست سۆزدىن مۇلا-يىملىق ئارىلاشقان يالغان سۆز ياخشى.
ئەلىشىر نەۋائى

ياخشى سۆز بىلەن مەست ۋە بىھوش بولغاندا كىشى زەھەرنى شەربەت دەپ ئىچىدۇ.
ئەلىشىر نەۋائى

سۆزدە ئىشق ئوتىنىڭ بىر بەلگىسى بولمىسا، ئۇ سۆز قۇ-رۇلمىسى، جېنى يوق، ھەرىكەتسىز بەدەنگە ئوخشاشتۇر.
ئەلىشىر نەۋائى

يامان سۆزلۈك كىشى ئەل كۆڭلىگە جاراھەت، ئۆز بېشىغا ئاپەت يەتكۈزىدۇ ...ياخشى سۆزلۈك كىشى سۆزنى يېقىملىق ۋە گۈزەل قىلغانلىقتىن، كۆڭۈلگە يۈزلەپ غەم كېلىدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزى بىلەن يانىدۇ، سۆزدىن ھەر ياخشىلىق كېلىش ئىمكانىيىتى بار. بۇنىڭدىن بىلسۇنكى، نەپەسنىڭ جېنى بار.

ئەلىشىر نەۋائى

سۆز بىر مەرۋايىتتۇر، ئۇنىڭ دەرياسى كۆڭۈلدۇر. كۆڭۈل بىر روشەن ئېكران. ئۇ پۈتۈن مەنىلەر توپلىغۇچىدۇر. گۆھەر غەۋۋاسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن دەريادىن جىلۋە بولىدۇ، شۇنداقلا كۆڭۈلدىكى سۆز گۆھەرلىرىمۇ نۇتۇق ماھارىتىدە ئىختىساس ئىگىسى شەرىپىگە نائىل بولغانلار ۋاستىسى بىلەن زىننەتلىنىپ چىقىدۇ. سۆزنىڭ قىممىتى ۋە مەرتىۋىسى سۆز ئىگىسىگە قاراپ بىلىنىدۇ ۋە شۆھرەت تاپىدۇ ... ياخشى سۆز بولسا، ئۇنىڭ شاراپىتىدىن ئۆلۈك تەنگە پاك جان كىرىدۇ. يامان سۆز بولسا، ئۇنىڭ كاساپىتىدىن تىرىك تەنگە ھالاكەت زەھىرى كىرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

تىلنى باشقۇرالىغان دانىشمەن ئاقىلدۇر؛ تىلىغا ئەرك بەرگەن ئادەم ئېتىبارسىز ۋە قەدىرسىزدۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

سۆزلەشكە ئامراق، يېمەككە قۇل بولغان ئادەم بىلىم شاراپىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

زالىم، بىدەرد، بىغەم كىشىلەر سۆھبىتىدە سۆز قىلماقنى

تەرك قىل، چېقىمچى ۋە نامەرد ئادەملەرنىڭ سىلىق، ياغلىما گې-
پىگە ئالدانما.

ئەلىشىر نەۋائى

دۇنيا ئىشلىرىدىن ھەسرەت چەكمەي دېسەڭ، تىلىڭغا ئېھتى-
يات قىل، ئۇنى ئاسرا.

ئەلىشىر نەۋائى

ھەزىل بىلەن بىھۆرمەتلىك ئارتىدۇ، ھەزىلنىڭ ئاخىرى جې-
دەلگە تارتىدۇ، كۆپ چاقچاق ھايا پەردىسىنى چاك ئېتىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

چاقچاق جايىدا بولسا، لەززەت ۋە شادلىق كەلتۈرىدۇ، چۈنكى
ئۇنىڭدا يامان سۆز بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئازار يېمەيدۇ.
چاقچاق ئاقىلانىلىك بىلەن باشلىنىپ، ئاخىرىدا ئەخمىقانىلىككە
ئېلىپ بارىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

چاقچاقتا نەپسىلىكتىن زىننەت بېرىلسە، كۆڭۈلگە ياقىدۇ.
ئەخمەقلىققە يېتىپ بارسا، ئۇنى دەپ نېمە قىلىمىز؟!

ئەلىشىر نەۋائى

ھەزىل بىلەن شۇغۇللىنىش بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ئېچىشتۇر،
بەزىلەر ئۇنىڭدىن كۈلسە، ياخشىلار ئۇنىڭدىن ئازارلىنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

كۆرۈنۈشى سەترەك بىر كىشى تېرەن مەنىلىك سۆز قىلالىسا،
كۆپچىلىكنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالالايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

www.uyghurkitap.com

نۇرغۇن مال ـ دۇنيا سەرپ قىلىپمۇ يېتەلمىگەن مەقسەتكە دەل جايىدا ئىشلىتىلگەن بىر ئېغىز ياخشى سۆز بىلەن يېتىش مۇمكىن.

**ئەلشىر نەۋائى**

سۆز گۆھەرلىرىنىڭ دەرىجە پەرقىنى شەرھلەشكە نۇتۇق ئىگىلىرى ئاجىزلىق قىلىدۇ، ئۇنىڭ يامىنىدىن ھالاكەت كەلسە، ياخشىسى ئەيسا مۆجىزىسىنى كۆرسىتىدۇ (ئۆلۈككە جان كىرگۈزىدۇ).

**ئەلشىر نەۋائى**

شاھنىڭ سىرىنى ئاسرىمىغان كىشىنىڭ بېشى كېتىپ، سىياسەتنىڭ تىغى ئۇنىڭ مېڭىسىدىن تۇتۇن چىقىرىۋېتىدۇ.

**ئەلشىر نەۋائى**

مەزھىپىڭنى مەخپىي ساقلا، ياخشى ـ ياماندىن پۇلۇڭ بارلىقىنى مەخپىي ساقلا.

**ئەلشىر نەۋائى**

سىرىڭنى ساقلا، ئەگەر ئۇنى ئاشكارىلىساڭ، قايتىدىن يوشۇرماق ئۇمىدىدە بولما؛ سىر خۇددى نەپەسكە ئوخشىشىدۇ، چىققان نەپەسنى ھېچكىم قايتۇرۇۋالالمايدۇ.

**ئەلشىر نەۋائى**

ھەر كىشىنى سىردىشىم دېمە، چۈنكى، ھەقىقىي سىرداش دۇنيادا ناھايىتى ئاز تېپىلىدۇ.

**ئەلشىر نەۋائى**

تىلمۇ ئاڭغا ئوخشاش قەدىمدۇر.
ك. ماركس، ف. ئېنگېلس

تىل ئادەمگە ئۆز مەنپەئەتلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىنى، تۇيغۇلىرى ھەمدە ئۆزىدىكى ھەقىقەت ۋە ئىلھام ئۇچقۇنلىرىنى ئىپادىلەش ۋە ئۇلارنى باشقىلارغا ئىنئام قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن.
ۋ. گ. كورولېنكو

سۆز بايلىقىم قانچە كۆپ بولسا، باشقىلارغا شۇنچىلىك پايدىلىقمەن. تەسىر دائىرەم ۋە ئېتىبارىممۇ شۇنچىلىك كەڭ بولىدۇ.
ل. فېيېربباخ

كىشىلىك تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىلىرى، ئەڭ چوڭقۇر بىلىملەر ۋە ئەڭ ئېھتىراسلىق تۇيغۇلار ئەگەر سۆز ئارقىلىق روشەن ۋە ئېنىق ئىپادىلەنمىسە، ئۇلار ئادەملەر ئۈچۈن، نامەلۇملۇقىچە قېلىۋېرىدۇ. تىل ـ پىكىرنى ئىپادە قىلىش قورالىدۇر.
م. ئى. كالىنىن

تىل مىليونلىغان ئەۋلادلار تەرىپىدىن يارىتىلغان تىرىك جاندۇر.
ئا. ن. تولىستوي

تىل ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدىنىڭ بۈيۈك نەتىجىسىدۇر. ئۇ، ئۇزلۇكسىز ئەمگەك ھەرىكەتلىرى ئىما ـ ئىشارىلەر ۋە ئۇلاردىن پەيدا بولغان روھىي ھالەت،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

شىجائەتنىڭ خرۇستال بىرلەشمىسىدۇر.

ئا. ن. تولستوي

مەملىكەتنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە خەلقنىڭ تارىخى ئىنسان قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ، سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. ئادەملەر ھاياتلىقتىن كۆز يۇمغاندىن كېيىنمۇ، ئۇلار ياراتقان تىل خەلقنىڭ مەڭگۈلۈك، پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىقى سۈپىتىدە قېلىۋېرىدۇ. دېمەك، تىلدىكى ھەربىر سۆز، ئۇنىڭ ھەربىر شەكلى ئىنسان تەپەككۇرى ۋە تۇيغۇسىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئاشۇ تەپەككۇر ۋە تۇيغۇلار ئارقىلىق سۆز ياردىمىدە مەملىكەتنىڭ خۇسۇسىيىتى، خەلق تارىخى ئىپادە قىلىنىدۇ.

ك. د. ئۇشىنسكىي

تىلدا خەلقنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋەتىنى گەۋدىلىنىدۇ... تىل خەلقنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ھەم كېلەچەك ئەۋلادىنى مۇستەھكەم بىر پۈتۈنلۈككە، تارىخىيلىق ۋە جانلىقلىق جەھەتتە جىپسىلىققا ئايلاندۇرغۇچى ئەڭ ھاياتىي، ئەڭ باي، ئەڭ مۇستەھكەم ۋاستىدۇر.

ك. د. ئۇشىنسكىي

تىلسىز شەخسمۇ، خەلقمۇ ئۆزىنىڭ پىكىر ـ ھېسسىياتلىرىنى باشقىلار بىلەن ئالماشتۇرالمايدۇ. بولۇپمۇ كېلەچەك ئەۋلادقا قالدۇرالمايدۇ.

خ. ئابويان

تىل ۋە تىلشۇناسلىق خەلق مائارىپىنىڭ ئادەتتىكى ھاياتىنىلا

ئەمەس، بەلكى مەركىزىي ماھىيىتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ن. م. كارامزىن

تىل دوستلۇق ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنىڭ ئەڭ ئوڭاي ۋاسىتىسىدۇر.

ئە. روتتېردامسكىي

ھەربىر خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى بىلمەكچى بولساڭ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تىلىنى بىلىشكە تىرىش.

پىفاگور

كۆپ تىل بىلىش ـــ بىر قولۇپقا چۈشىدىغان كۆپلىگەن ئاچقۇچلارغا ئىگە بولغانغا ئوخشاشتۇر.

ف. ۋولتېر

چەت تىللارنى بىلىش ئانا تىلىنى بېيىتىدۇ. ئۇنى يەنىمۇ يارقىن، نەپىس ۋە ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە قىلىدۇ.

ن. ك. كروپسكايا

تىل مەدەنىيەت بىلەن بىرلىكتە راۋاجلىنىدۇ.

ئا. ن. تولستوي

تىل بايلىقى تەپەككۇر بايلىقىدۇر.



ن. م. كارامزىن

شۇنى ئىككىلەنمەي ئېيتىشقا بولىدۇكى، ياخشى، ساپ، باي تىلدا سۆزلىگۈچى كىشى ناچار، كەمبەغەل تىلدا سۆزلىگۈچى كىشىگە قارىغاندا، چوڭقۇرراق پىكىر قىلىدۇ.

ئا. ن. تولستوي

مۇبادا، ئادەمنىڭ سۆزى بوشاڭ، ئېغىر، تەكرار، ئەپسىز، مۇجمەل، قاملاشمىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ زېھنىمۇ شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ پەقەت تىل ۋاستىسى ئارقىلىق پىكىر قىلىدۇ.

ئى. گېردېر

تىل —تەپەككۇر قورالى. تىلغا قالايمىقان مۇناسىۋەتتە بولۇش —كەلسە ـ كەلمەس، ئېنىقسىز، تەخمىن، ئېھتىماللىق نەزىرى بىلەن پىكىر قىلىش دېمەكتۇر.

ئا. ن. تولستوي

تىلدىكى روشەنلىك، روشەن پىكىرنىڭ نەتىجىسىدۇر. روشەن پىكىرمۇ، ئېنىقكى، روشەن ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ۋ. لىبكنېخت

ھەرقانداق ماتېرىيال، بولۇپمۇ تىل ئۆزىدىكى ھەممە ئەۋزەللىكلەرنى، يەنى روشەنلىك، ئېنىقلىق، جەلپ قىلارلىق، ئاھاڭدارلىقنى ئىنچىكىلەپ تاللاپ ئېلىشنى ۋە ئۇلارنى ئەتىۋارلاپ يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

م. گوركىي

تىللار غايىلەر بىلەن قانچىلىك بېيىغان بولسا، زۆرۈر سۆزلەر بىلەنمۇ شۇنچىلىك بېيىغان بولىدۇ.

ژ. بىرناردىن



ھەممە تىللار ئېنىقلىققا ئىنتىلىدۇ. ئېنىقلىق بولسا، قىسقىلىق ۋە ئىخچاملىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

م. گوركىي

سۆزدىكى ئېنىقسىزلىق شۈبھىسىزكى پىكىردىكى ئېنىق-سىزلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

ل. ن. تولستوي

پىكىر ئىپادە قىلىنىۋاتقان سۆزلەر سەۋەبىدىن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

ب. پاسكال

تىلنىڭ ساپلىقى، مەنە جەھەتتىكى ئېنىقلىقى، ئۆتكۈرلۈكى ئۇچۇن قىلىنىدىغان كۈرەش، مەدەنىيەت قورالى ئۇچۇن قىلىنغان كۈرەشتۇر. بۇ قورال قانچىلىك ئۆتكۈر بولسا، قانچىلىك ئېنىق-لىققا ئىگە بولسا، ئۇ شۇنچىلىك يېڭىلمەستۇر.

م. گوركىي

ئاددىي، روشەن سۆزلەرگە مەھلىيا بولمايدىغان ھېچقانداق كىشى يوق.

م. گوركىي

تىلدىكى ئېنىقلىقا، ئىپادە قىلىشتىكى كۆچلۈكلۈككە ئىخچاملىق ۋە ئاددىيلىق ئارقىلىق ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

ئا. ن. تولستوي



ئەقلىي ھايات جەھەتتىن يۈكسەك كامالەتكە ئىگە بولغان ھەربىر خەلقنىڭ تىلى، بەزىبىر ئاجىزلىقلىرىغا قارىماي، ئۆتكۈر ۋە باي تىل ھېسابلىنىدۇ.

ن. گ. چېرنىشېۋسكىي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

خەلق تىلى قانچە جەلپ قىلارلىق، مۆجىزىلىك، تەسىرچان ۋە جىددىي ـ ھە!

ل. ن. تولستوي

خەلق تىلىغا يېقىنلىشىڭ، ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن جانلىق تەسىر ياراتقۇچى ئاددىيلىق، قىسقىلىق، چوڭقۇرلۇقنى ئىزلەڭ.

م. گوركىي

مىللەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئەقلى ۋە روھىيىتى ماقاللىرىدىن بىلىنىدۇ.

ف. بېكون

خەلق تىلى ھەمىشە مىللىي روھ بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ.

ۋ. گومبولدت

تىل ــ مىللەتنىڭ قەلبى، تىل ــ غايە، تۇيغۇ، تەپەككۇرنىڭ جانلىق مۇجەسسەملىشىشىدۇر.

ئا. ن. تولستوي

تەلەپپۇز ــ تىلنىڭ جېنى، ئۇ تىلغا پەقەت تۇيغۇلا ئەمەس، دەلىللىكمۇ بەخش ئېتىدۇ.

ژ. ژ. روسسو

ئۆز تىلىغا قانداق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىغا قاراپ، ھەربىر كىشىنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسىنى، پۇقرالىق قەدىر ـ قىممىتىنى ئېنىق ئېيتىپ بەرگىلى بولىدۇ.

ك. گ. پائۇستوۋسكىي

سۆز ئىنسان كۈچ ــ قۇدرىتىنىڭ قوماندانىدۇر.
ۋ. ۋ. ماياكوۋىسكىي

سۆز ھاياتنىڭ بۈيۈك قورالى.
ۋ. گ. كورولېنكو

سۆزدىن قۇدرەتلىكرەك نەرسە يوق. ئۆتكۈر دەلىللەر ئاساسىدىكى يۈكسەك پىكىرلەر سېھىرنى يېرىپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس. سۆز ياۋۇزلارنى يەكسان قىلىدۇ. قەلئەلەرنى گۇمران قىلىدۇ. ئۇ، كۆزگە كۆرۈنمەس قورال. بۇ قورال بولمىغاندا دۇنيانى ياۋۇز كۈچلەر قولىغا ئېلىۋالغان بولاتتى.
ئا. فرانس

سۆز ئىنساننىڭ بۈيۈك قوراللىرىدىن بىرى. ئورنىدا، چىن دىلدىن، ۋاقتىدا ئېيتىلغان ئاددىي سۆزلەر قۇدرەتلىك ۋە يېڭىلمەس كۈچكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ، سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزىنىلا قىزىقتۇرۇپ قالماي، ئۆز نەپسىلىكى ئارقىلىق ئەتراپىتىكىلەرنىمۇ مەھلىيا قىلىشى مۇمكىن.
ئا. ف. كونى

ئۆتكۈر تىل ئۈزلۈكسىز ئىشتىلىش داۋامىدا يەنىمۇ ئۆتكۈرلىشىدىغان بىردىنبىر قورالدۇر.
ئۇ. ئىرۋىڭ



سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن ھەرقانداق پىكىر تەسىرى ۋە كۆلىمى جەھەتتىن تۈگىمەس كۈچتۇر.
ل. ن. تولستوي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سۆزدۇر كىم، نىشان بېرەر ئۆلۈككە جاندىن،
سۆزدۇر كىم، بېرەر جانغا خەۋەر جانانىدىن.
ئىنسانىنى سۆز قىلدى جۇدا ھايۋانىدىن،
بىلكىم، گۆھىرى ئەزىز يوق ئۇنىڭدىن.

ئە. نەۋائى

كۆڭۈل مۇلكى ئىچرە گۆھەر سۆزدۇر،
بەشەر گۈلشەنىدە سەمەر سۆزدۇر.

ئە. نەۋائى

تىل ئەڭ خەتەرلىك قورالدۇر. سۆز يارىسىغا قارىغاندا، تىغ يارىسىنى ساقايتىش ئاسان.

ج. كالدېرون

سۆز سېھرىدىن كۈچلۈكرەك سېھىر يوق.

ئا. فرانس

جانلىق سۆز مۆجىزىلەرنى يارىتىدۇ.

ئى. ئى. بوردېنكو

يېقىملىق سۆز ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى يارىتىدۇ.

ۋ. ۋ. ماياكوۋىسكي

ھەر يىلى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقى يېڭىلانغانىدەك، سۆزمۇ يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. كونا سۆزلەر يېڭىدىن بارلىققا كېلىۋاتقان سۆزلەرگە ئورۇن بېرىدۇ.

گوراتسي

جانلىق سۆز مۆجىزىلەرنى يارىتىدۇ.
ئى. ئى. بوردېنكو

يېقىملىق سۆز ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى يارىتىدۇ.
ۋ. ۋ. ماياكوۋىسكي

ھەر يىلى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقى يېڭىلانغاندەك، سۆزمۇ يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. كونا سۆزلەر يېڭىدىن بارلىققا كېلىۋاتقان سۆزلەرگە ئورۇن بېرىدۇ.
گوراتسي

خەلق ئارىسىدىكى، كۆپچىلىك تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلمەيدىغان سۆزلەر ئۆلمەس سۆزلەردۇر.
گېسئود

سۆز بۈيۈك نەرسە، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بۈيۈككى، سۆز ئارقىلىق ئادەملەرنى بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن، ئۇلارنى بىر - بىرى بىلەن يۈز كۆرۈشمەس قىلىۋېتىشمۇ مۇمكىن. سۆز ئارقىلىق مېھىر مۇھەببەتكە ئېرىشىشمۇ مۇمكىن، نەپرەت ۋە ئاداۋەتكە ئۇچراشمۇ مۇمكىن. ئادەملەرنى بىر - بىرىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان سۆزلەردىن ساقلان.
ل. ن. تولستوي



ھەربىر سۆزنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ياخشى بىلىۋېلىش كېرەك.
پوبلىلىي سىر

تىلىڭ بىلەن كۆڭلۈڭنى بىر تۇت.
ئە. نەۋائى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۆزنى كۆڭۈلدە پىشۇرمىغىچە تىلغا يولاتما،
ھەرنىكىم، كۆڭۈلدە بارنى تىلغا يۈكلىمە.

ئە. نەۋائى

سۆز ھەرىكەتنىڭ ئالامىتى.

دېموكرىت

سۆز قايسى دەرىجىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى بىلەن قىممەت-لىكتۇر.

گا. ئى. گېرتسېن

ھەرىكەتنى سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە قارىغاندا، سۆزنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش مۈشكۈلرەك.

م. گوركىي

ھەرقانداق بىمەنە، قۇرۇق سۆزنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ.

دېموسفېن

سۆز قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ كېيىن كەلتۈرىدىغان ئاقى-ۋىتىنى ئويلا.

ئى. پ. پاۋلوف

ئاقىل ھەق سۆزدىن باشقىسىنى دېمەس.
ئەمما ھەممە ھەق سۆزنى دېيىشمۇ ئاقىللىق ئەمەس.

ئە. نەۋائى

تىلغا ئېتىبارسىز قارىغانلىق، ئەلگە ئېتىبارسىز قارىغا-

ھەربكەتنىڭ قورالى، ئۇنىڭدا مەلۇم دەرىجىدە ئېغىرلىق ۋەزنى بو-
لۇش لازىم. باشقىلارنىڭ كەيپىياتىنى قانچىلىك جەلپ قىلىش ۋە
ئۆزگەرتىشكە قاراپ بىر سۆزنىڭ ئەھمىيىتىنى، كۈچىنى باھالاش
كېرەك.

ۋ. گ. كورولېنكو

بىزگە ئۆز – ئۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ ئۇگدەك باستۇرىدىغان
ياكى كۆڭۈلنى ھاۋايى – ھەۋەسلەر بىلەن بەند قىلغۇچى چىرىك،
پەرداز سۆزلەر كېرەك ئەمەس، بەلكى، قەلبىمىزدە پۇقرالىق جاسارىتى-
نى جۇش ئۇرغۇزىدىغان، چەكسىز ۋە ئۆزىگە خاس پائالىيەتكە ئۈن-
دەيدىغان توغرا ھەم جاراڭلىق سۆزلەر كېرەك.

ن. ئا. دوبروليوبوف

خۇددى قوڭغۇراق ئاۋازىدەك ھەممىنى لەرزىگە سېلىپ، تىت-
رىتىپ، ئالغا ئۈندەيدىغان جاراڭلىق سۆزلەر كېرەك.

م. گوركىي

تىل بايلىقى ۋە ناتىقلىق سەنئىتى ئۆتكەن ھەرقانداق زامانلاردا
ياندىشىپ بىللە ئۆتكەن.

ئا. پ. چېخوف

ھەقىقىي ناتىقلىقنى كۆرەلمەيدىغان جەمئىيەتتە قۇرۇق ۋەز-
خانلىق، سۆز رىياكارلىقى ياكى تېتىقسىز سەپسەتىۋازلىق ھۆكۈم
سۈرىدۇ. ناتىقلىق مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تايانچىلىرىدىن بى-
رىدۇر. ئۆتمۈشتىمۇ شۇنداق بولغان، ھازىرمۇ شۇنداق.

ئا. پ. چېخوف

تىل —گويا چالغۇ ئەسۋابى. مىسالى ئۇ غېجەكتىنمۇ نازۇك

ۋە مۇرەككەپتۇر. يەنە شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، تىلىنى ئۆگىنە-
جەكىنىمۇ چالا بىلىشكە تاقەت قىلغىنى بولمايدۇ.

پ. يا. ۋيازېمىسكىي

سۆزلىمەكچى بولساڭ مۇنۇ ئىككى ھالەتتە — ئېيتماقچى بولغىنىڭنى ئوبدان ئويلىۋالغىن ۋە شۇ سۆزنى ئېيتىش زۆرۈر-يىتى تۇغۇلغاندا سۆزلە، مانا شۇ ھالەتتىلا سۈكۈت قىلىپ ئول-تۇرماي سۆزلىگەن ياخشى. يۇقىرىقى ھالەت بولمىغاندا ئۈن چىق-مىغان دۇرۇس.

ئىسوكرات

ياخشى سۆزلەش دېگەنلىك، ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئاۋاز چىقىرىپ تۇرۇپ ياخشى ئويلاش دېگەنلىكتۇر.

گە. رېنان

شۇنى ئېسىڭدە تۇتكى، سۆزلەش قابىلىيىتى ھادىسىلەر ئە-چىگە چوڭقۇرلاپ كىرىشنىڭ بىردىنبىر ۋە بىباھا ۋاسىتىسىدۇر.

ن. ئى. پىروگوف

ئەمەلدە ئىشلىتىلمىگەن ھەرقانداق ۋەز - نەسىھەتلەر بىھۇدە ۋە قۇرۇق بولىدۇ، خالاس.

دېموسفېن



نۇتۇق قۇدرەتلىك كۈچ، ئۇ ئىشەندۈرىدۇ، ئۈندەيدۇ، مەجبۇر قىلىدۇ.

ر. ئېمېرسون

ناتىقلىقتىن مەقسەت كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈشتۇر.

ف. چېستېرفىلد

ناتىقنىڭ ئاساسىي سەنئىتى — سەنئەتنى كۆزگە كۆرسەتمەسلىكىدىدۇر.

كۋىنتىلىئان

ئاددىي نەرسىلەرنى ساددا، چوڭلىرىنى ئۇلۇغۋار، ئوتتۇراھاللىرىنى ئۆزىگە يارىشا ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان كىشىلا ھەقىقىي ناتىقتۇر.

تسىتېسرون

سۆزلىمەكچى بولغان نەرسىنى مۇكەممەل بىلمىگەن ناتىقنىڭ ناتىقلىقى بىر تىيىن.

تسىتېسرون

نۇتۇق نەرسىنى بىلىشتىن كېلىپ چىقىشى ۋە راۋاجلىنىشى لازىم. ناتىق ئەگەر نەرسىنى پۇختا بىلەلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ناتىقلىقى بىكار ۋە بالىلارچە زورۇقۇشتۇر.

تسىتېسرون

ئادەتتە بەزىلەر سۆزلەپ تۇرۇپ چېكىنىشتىن چۆچۈشىدۇ. مېنىڭچە، ئۇستىلىق بىلەن چېكىنگۈچىلەر خۇددى قولى ئۇزۇن ئادەملەرگە ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ قولى ئۇزۇن بولىدۇ.

ش. مونتىسكىي

ئىبارىلەر پىكىرلەر ئۇستىگە كەيدۈرۈلگەن ئۆزىگە خاس لىباسقا ئوخشايدۇ.

ئى. ئېنگېل

تىل ھەممىگە، دانالىق بولسا ناھايىتى ئاز ئادەمگە نەسىپ بولىدۇ.

**چولك كاتون**

نۇتۇقلىرىدا چوڭقۇرلۇق يېتىشمىگەن ناتىقلار ئۆز بوشلۇقلىرىنى ئەزمىلىك بىلەن تولدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

**ش. مۇنتېسكيۇ**

قىسقا نۇتۇق ھەمىشە چوڭقۇر مەنە ۋە كۈچلۈك تەسىر كۆرستىش خىسلىتىگە ئىگە بولىدۇ.

**م. گوركىي**

نۇتۇقنىڭ كۈچى ئاز سۆز بىلەن كۆپ مەنە ئاڭلىتىشتا.

**پىلۇ تارخ**

نۇتۇق سەنئىتىدە، كۆپ سۆزلەشتىن قىسقا سۆزلەش قىيىن.

**ئى. ۋېنگېلمان**

بۈيۈك ئەقىل ئىگىلىرى ئاز سۆزلەپ كۆپ مەنە بېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ئەقلى قىسقىلار، كۆپ سۆزلەيدۇ، لېكىن ئېنىق مەنە ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ.

**ف. لاروشفېك**



ياخشى سۆزلىسەڭ، ھېچقاچان كۆپ سۆزلىمەيسەن.

**ژ. رېنيار**

كۆڭلۈڭدىكى نىيىتىڭنىلا ئېيتساڭ، ئەزمىلىك قىلمايسەن.

**ب. گراسىئان**

سۆزدىكى ئېنىقلىق پەقەت ئۇسلۇب تەلىپى، دىت تەلىپىلا بولۇپ قالماي، بەلكى ئالدى بىلەن مەنە تەلىپىدۇر. قەيەردە لاۋزا گەپ كۆپ بولىدىكەن، شۇ يەردە پىكىرمۇ يۇزە بولىدۇ.

ك. ئا. فېدىن

قىسقا سۆزنىڭ سالمىقى ئېغىر بولىدۇ.

ۋ. شېكىسپىر

قىسقىلىق تىلنى كۈچەيتىدۇ. بەزى قۇياش نۇرىدەك ئىبارىلەر باركى، ئۇلار قانچىلىك جىپسىلاشسا، شۇنچىلىك قىزىقلىق چىقىرىدۇ.

ر. سائۇتى

قىسقا ئىپادىلىك ئىبارىلەر بىر ئاڭلىنىش بىلەن خاتىرىگە تامغا باسقاندەك ئورۇنلىشىپ قالىدۇ. ئۇ جەڭگىۋار چاقىرىققا ئاي-لىنىدۇ، ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇلاھىزىلەر بولسا، ئۇنداق بولالمايدۇ.

ف. ئېنگېلس

پىكىرنىڭ چۇۋالچاق بولماسلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەركىن پەرۋاز قىلىشى ئۈچۈن قىسقىلىق زۆرۈر.

گوراتسى

ئادەملەر ھەددىدىن ئارتۇقچە سۆزلەر توپى ئىچىدە ئاسانلا يۇتلىشىپ كېتىدۇ.

م. گوركىي

ئۇزاق ئويتۇقلار بەكمۇ زېرىكىشلىك بولىدۇ. ئۇلارنى كىشىلەر ئېتىبارسىزلىق بىلەن ئاڭلايدۇ.

ف. بېكون

ئەگەر ئۇزىراپ كېتىۋەرسە، ئەڭ ياخشى نۇتۇقمۇ جانغا تېگىدۇ.

ب. پاسكال

ئۆتكۈر پىكىرلەر ئارتۇقچە ئىزاھلار تەلەپ قىلمايدۇ. ھەممىسى تۇرسا، ئىزاھنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئەزمىلىك يىراقنى كۆرەلمەسلىكنىڭ بەلگىسى، مەنىسىدىن قۇرۇق سۆز، ۋەز ـ نەسىھەتلىرى كۆپ بولغان نۇتۇق ھەم خەتلەرنىڭ ھەممىسى ناتىقنىڭ يىراقنى كۆرەلمەسلىكىنىڭ ئىپادىسى.

ئا. پ. سۇماربكوف

ئاز سۆز بىلەن جايىدا كەلتۈرگەن بىرنەچچە مىسال پىكىرنى نۇرلاندۇرۇۋېتىدۇ. سالمىقى ۋە قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. لېكىن مىساللار ۋە تەپسىلاتلار كۆپىيىپ كەتسە، ھەر قاچان نۇتۇقنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ل. ۋاۋېنارگ

ئۇزۇن كۆڭلەك مېڭىشقا توسالغۇ بولغاندەك، ئۇزۇن نۇتۇقمۇ ئىشنىڭ ئالغا بېسىشىغا توسقۇن بولىدۇ.

س. تالېيران

نائېنىقلىق ئەزمىلىكتىن كېلىپ چىققاندەك، بەزى تولىمۇ قىسقىلىق نائېنىقلىقنى پەيدا قىلىش مۇمكىن.

ژ. دالامبېر

قىسقىلىق ئېنىقلىق بىلەن ئۇيغۇنلاشقاندىلا يېقىملىق بولىدۇ.
دىئونىسي

ياخشى سۆزلە، ئەمما مەمەدانە بولما، ئەزمىلىك — يىراقنى كۆرەلمەسلىكتۇر.
قابۇس

ماختانچاقلىق ئاجىزلىقنىڭ بىرىنچى ئىپادىسى. زور ئىشلارغا لاياقەتلىك كىشى تىلىنى يىغىپ يۈرىدۇ.
تىستېرون

سەپسەتىۋازلىق ۋە ۋايساشلاردىن ھەزەر ئەيلەڭ. ئويلاڭ، ياخشىلىق ۋە ئادالەت تەنتەنىسى يولىدا قولىڭىزدىن كېلىدىغان بارلىق ئىشلارنى قىلىڭ.
ۋ. ئا. سۇخوملىنسكي

نۇتۇق يېقىملىق، مەزمۇنلۇق بولۇشى لازىم، يېقىملىق مەزمۇنلۇق بولۇش ئۇچۇن نۇتۇق ھەقىقەتنى ئەكس ئەتتۇرۇشى كېرەك.
ب. پاسكال

زورمۇزور سۆز تاللاش كۆپىنچە نۇتۇقنى بۇزىدۇ. ئەڭ ياخشى سۆزلەر ئۆز ـ ئۆزىدىن يېپىشىپ كېلىدىغان سۆزلەردۇر.
كۇنېتلىئان

چىراغ يولۇڭنى دىگەندەك يورۇتالمىسىمۇ، ئاران ـ ئاران لىپىلداپ تۇرسىمۇ ئۆچۈرمە، تېخى ئۆزۈڭ يېڭى سۆز ئىجاد قىلمىغان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەھۋالدا، كونا ئىبارىلەردىن ۋاز كەچمە.

گ. فونسېن

ياسىما سۆزلەردىن ساقلان، تىل ئاددىي ۋە گۈزەل بولسۇن.

ئا. پ. چېخوف

قورۇق نەزەرىيىۋى ماقالىلەر يالقۇنجاپ تۇرىدىغان، ئەمما ھارارەت بەرمەيدىغان كرىستال قەندەللەرگە ئوخشايدۇ

پ. بۇئاست

ھەددىدىن تاشقىرى ياسىما ئۇسلۇب خاراكتېرنىمۇ، پىكىرنىمۇ ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

ئارەستۇ

تىلنىڭ گۈزەللىكى، پەقەت ئۇنىڭ ئېنىقلىقى ۋە مەزمۇندارلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

د. ئى. پىسارېف

ئاددىي ۋە ئېنىق ئېيتقىلى بولمايدىغان سۆز يوق.

ئا. ئى. گېرتسېن

روشەنلىك —تىلدىكى ئاساسىي پەزىلەت.

ئارەستۇ

تۇپمۇتوغرا، قىينالماي ئېيتىلغان سۆز ئەڭ توغرا سۆز.

ۋ. شېكىسپىر

سۆز قانچىلىك ئاددىي بولسا، شۇنچىلىك ئېنىق بولىدۇ. قانچىلىك ئورۇندا ئىشلىتىلسە، جۈملە شۇنچىلىك كۈچلۈك ۋە

ئىشەنچلىك بولىدۇ.

م. گوركىي

ھەقىقىي دانىشمەنلىكنىڭ ھەممىسى ئاددىي ۋە چۈشىنىش-لىك بولىدۇ.

م. گوركىي

ھەقىقىي ناتىقلىق سۆزدە ئەمەس، ماھىيەتتە.

ش. سېنت. بيۋم

چىرايلىق سۆزلەر ئادەمگە كۈچلۈك، ئەمما بىردەملىكلا تەسىر قىلىدۇ. چاپسان ھاياجانلىنىدىغان كىشىلەر بىردەمدىلا پەسكويغا چۈشىدۇ. دەبدەبىسىز، لېكىن ھەقىقىي ئېتىقاد بىلەن ئېيتىلغان سۆزلەر ھېلىقىدەك شاۋقۇن-سۈرەن كۆتۈرەلمىسىمۇ، ئەمما ئۇ كىشىنى ئۆزىگە تارتالايدۇ. قەلبىدىن ئورۇن ئالىدۇ. تەسىرى ھېچ-قاچان ئۆچمەيدۇ.

ژ. ژ. روسسو

ياخشى پىكىرلەر سۆزۈك ئۇسلۇبنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇسلۇب كىيىم دېيىلسە، پىكىر كىيىم ئىچىدىكى بەدەنگە ئوخشايدۇ.

ف. م. دوستويېۋسكىي



سۆز — پىكىرنىڭ ئىپادىسى، پىكىر روشەن بولمىسا، سۆزمۇ مۇجمەل بولىدۇ.

ۋ. گ. بېلىنسكىي

سۆز — پىكىرنىڭ ئىپادىسى، شۇنىڭ ئۈچۈن سۆز ئۆزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىپادىلەۋاتقان پىكىرگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
ل. ن. تولستوي

ئەڭ ئاجايىپ پىكىرمۇ ئەگەر ناچار ئىپادىلەنسە، ئۆز قىممە-
تىنى يوقىتىدۇ. ئەگەر تەكرارلىنىۋەرسە، ئادەمنى زېرىكتۈرىدۇ.
ف. ۋولتېر

پىكىر روشەنلىكى، ئىپادە روشەنلىكىنى تەمىن قىلىدۇ.
ف. فىلايېر

تىل روشەنلىكى — تەپەككۇر روشەنلىكىنىڭ ئىپادىسى،
روشەن پىكىر بولسا، مۇقەررەر روشەن شەكىلنى تەقەززا قىلىدۇ.
ۋ. لىبكنېخت

نېمىنى ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلالمىساڭ، ئۇنى شۇنچىلىك چى-
گىش، قالايمىقان سۆزلەيسەن، ئېنىقسىز ۋە چىگىش ئىپادە پەقەت
چىگىش پىكىرنىڭ بەلگىسىدۇر.
ن. گ. چېرنىشېۋىسكىي

ئاددىي سۆزلەۋاتقان ناتىققا تەقلىد قىلىش دەسلەپتە بەك ئا-
ساندەك تۇيۇلىدۇ. ھالبۇكى، تەجرىبىلەر شۇنى كۆرسەتتىكى، ئەس-
لىدە بۇنىڭدىن قىيىن ئىش يوق.
تىستېرون



مېڭىسىدە كۆپ پىكىرلىرى بولسىمۇ، ئەمما سۆزگە ماھىر
بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن سۆزلىيەلمىگەنلىكلىرىنى تەكىتلى-
گۈچىلەر ئەمەلىيەتتە، ئۆزلىرىنى يېتەرلىك چۈشىنەلمەيۋاتقان

ئادەملەردۇر.

م. مانتېن

خام پىكىرلەرگە تىلىڭنى خار قىلما ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرما.

ۋ. شېكىسپىر

پىكىردىكى خاتالىقلار سۆزدىكى خاتالىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سۆزدىكى خاتالىقلار ئىشتىكى خاتالىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

د. ئى. پىسارېف

ئەڭ ياخشى تىل — باشقۇرۇلغان تىلدۇر. ئەڭ ياخشى نۇتۇق ياخشى ئويلانغان نۇتۇقدۇر.

ل. ن. تولستوي

تېز سۆزلىگەندىن ئويلاپ سۆزلە.

ت. مور

ئويلىماي سۆزلەش — نىشانسىز ئوق ئاتقانغا ئوخشاش.

م. سېرۋانتېس

بىر قېتىم سۆزلەشتىن بۇرۇن ئىككى قېتىم ئويلىغان مەسىلەڭنى ياخشى سۆزلەيسەن.



ت. پېن

كىمكى كۆپ پىكىر قىلىدىكەن، ئۇ ئاز سۆزلەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئاز سۆزگە كۆپ مەنە سىڭدۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئو. ئىبرۇلك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بۇ قائىدىگە ئەمەل قىل؛ سۆزلەرگە تارلىق، پىكىرلەرگە كەڭلىك كېرەك.

ن. ئا. نېكراسوف

قەلەم ئەڭ ياخشى ئۇستاز، قەلەمدىن چىققان نۇتۇق ھازىرلا ئويلانغانغا قارىغاندا ياخشى.

تسىتېسرون

ئېيتقۇدەك سۆز بولمىغاندا، ناچار سۆزلەش باشلىنىدۇ.

ف. ۋولتېر

مەسىلىنىڭ ماھىيىتى ئاۋۋال ئويلىنىۋېلىنسا، سۆزلەر ئار-قا ـ ئارقىدىن كېلىۋېرىدۇ.

گوراتسىي

جەۋاھىرلەردەك تويۇنغان پىكىرلەرگە سۆزلەر بويۇن ئېگىپ كېلىدۇ.

م. يو. لېرمونتوف

پىكىر قانچىلىك گۈزەل بولسا، ئىبارىمۇ شۇنچىلىك جاراڭ-لىق بولىدۇ.



گ. فلوبېر

چىرايلىق سۆزلىگەندىن ئورۇنلۇق سۆزلىگەن ياخشى.

ب. گراسىئان

ئىشەنچ بىلەن سۆزلە، شۇ چاغدا سۆزمۇ قاملىشىدۇ،

تىڭشىغۇچىلارنىمۇ مەھلىيا قىلىدۇ.

ئى. گيوتى

گەپ ـ سۆزدە ئەمەس، ئاھاڭدا، قايسى سۆزنىڭ قانداق تەلەپپۇز قىلىنىشىدا.

ۋ. گ. بېلىنسكىي

ئەگەر كۆز باشقىچە نەرسىنى ئىپادىلەپ، تىل باشقىچە سۆز-لىسە، كۆپنى كۆرگەن كىشىلەر كۆزگە ئىشىنىدۇ.

ر. ئېمېرسون

قەلبتىن چىققان سۆز قەلبكە يول ئاچىدۇ.

نىزامى

ياخشى ناتىق بولىمەن دېگەن كىشى راستچىل بولۇشى كېرەك.

ۋ. ئو. كليوچېۋسكىي

بىزنىڭ ھاياتىمىز پىكىرلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي ئەينىكىدۇر.

م. مانتېن

نومۇسلۇق ئىشلارنى قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياغلىما گەپلەرنى قىلىدۇ.

دېموكرىت

ۋىجدانسىز ناتىقلار ياخشىنى يامان دەپ چۈشەندۈرۈشكە ھە-رىكەت قىلىدۇ.

پلاتون

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ناتىق ساپ دىل بولۇشى لازىم. ئۆزىنىڭ ناتىقلىقىنى سۈيىـ ئىستېمال قىلماسلىقى كېرەك.

پ. راموس

قاتتىق تەلەپ كىشى ئۆزىگىمۇ ئىككى يۈزلىمە مۇناسىۋەتتە بولمايدۇ. بىرەر ئەپسىز ۋەزىيەتكە قالغاندىمۇ، ئېغىر ھالەتتىمۇ خالىغانچە سۆزلەۋەرمەيدۇ. ھەرقانداق چاغدا توغرا ۋە ھەققانىي گەپ قىلىدۇ.

ن. ئا. دوبروليوبوف

ئادەم تىل ئارقىلىق ھايۋاندىن يۇقىرى تۇرىدۇ. لېكىن تىلدىن ئورۇنسىز پايدىلىنىدىكەن، ھايۋاندىن بەتتەر ھالەتكە قالىدۇ.

سەئدى

ئۆزۈڭ ياقتۇرمىغان نەرسىنى كىشىلەرگىمۇ راۋا كۆرمە.

م. گوركىي

باشقىلارغا بىر نەرسە دېيىشتىن بۇرۇن، ئۆزۈڭگە ئېيتىپ باق.

سېنېكا



مېڭەڭگە كەلگەننى سۆزلەۋېرىش توغرا ئەمەس. ئۇنداق قىلىش ھايۋانلىق، نېمىنى سۆزلىمەكچى بولساڭ، ئۇ سېنىڭ دىلىڭغا ماس چۈشۈشى لازىم. ئۇنداق بولمىسا، يالغانچىلىق قىلغان بولىسەن.

م. مانتېن

بەس ـ مۇنازىرە پىكىرلەرنى بايان قىلىشنىڭ پەۋقۇلئاددە

ئوڭاي ئۇسۇلىدۇر.

پ. م. دوستويېۋسكىي

ئاشكارا بەس ـ مۇنازىرىلەر ئارقىلىق خاتالىقلارلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ رەزىل بىمەنىلىكلەرمۇ چاپسان بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

م. ئى. سالتىكوف ـ شېدرىن

ئاشكارا بەس ـ مۇنازىرە زورۇر ۋە يوللۇقتۇر.

ۋ. ئى. لېنىن

پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مۇستەقىل مۇلاھىزە قىلىشلىرىغا يول قويۇش كېرەك.

ۋ. ئى. لېنىن

مۇھاكىمە، بەس ـ مۇنازىرە پىكىرلەرسىز ھېچقانداق ھەرىكەت، شۇ جۈملىدىن ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭمۇ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ۋ. ئى. لېنىن

پەقەت ئەقىلسىز ياكى ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ سىياسىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىشىدىن قورقىدىغان كىشىلەرلا ئاشكارا ۋە ئورۇنلۇق بەس ـ مۇنازىرىلەرنى ئورۇنسىز ۋە ئارتۇقچە ھېسابلايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، مانا شۇ قىزغىن بەس ـ مۇنازىرىلەر ئىشچىلارنىڭ سىياسىي ھەرىكەتلىرىنى ئەتراپلىق ئويلاپ، كۆرەشكە جەلپ قىلىنىشى، ئادەتلىنىشى ئۈچۈن، ھەرىكەتنىڭ قەتئىي، ئېنىق، مۇئەييەن سىنىپى يۆنىلىش بويىچە ئىشلىنىشى ئۈچۈن ياردەم بېرىدۇ.

ۋ. ئى. لېنىن

بەس ـ مۇنازىرىدە، چوڭمۇ، كىچىكمۇ، ئۇنۋانمۇ، نامىمۇ ئۇچراشىتۇر. «ھەقىقەت ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش» يوللۇقتۇر.

ر. روللان

بەس ـ مۇنازىرە ئىختىلاپلارنىڭ ئەسلىدە نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىختىلاپلار ئاساسىي مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ ياكى ئادەتتىكى مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ، ئىختىلاپلار بىرلىكتە ئىشلەشكە كاشىلا بولامدۇ ـ بولمامدۇ دېگەن مەسىلىلەر ئېنىق بولغان ھالەتتىلا پايدىلىق بولىدۇ.

ۋ. ئى. لېنىن

كىشىلەر بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىلىرى، قىلغاندىمۇ سۈنئىي ھالدا ئەمەس، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا «مۇشتلىشىش» دەرىجىسىگە بارمىغاندىمۇ ھەرھالدا جىددىي، يۈز ـ خاتىر قىلماي بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىلىرى كېرەك. شۇ چاغدىلا كىشىلەر گۇرۇپپىلارغا قاتنىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ، ماركسىزم، لېنىنىزم مانا شۇ خىل يوللار بىلەن ياخشى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىنىدۇ.

ۋ. ئى. لېنىن



ئەگەر قارىمۇ قارشى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلمىسا، ئەڭ ياخشى پىكىرلەر قانداق تاللىۋېلىنىدۇ؟

گېرىدوت

ياخشى پىكىرلەرمۇ ئەڭ ياخشىلىرىغا ئورۇن بېرىشى لازىم.

ۋ. شېكسپېر

بەس ـ مۇنازىرە شەخسىي غەرەزنى چىقىش قىلماسلىقى، ئا-
داۋەتكە ئېلىپ كەلمەسلىكى لازىم.
ن. پ. ئوگارېف

شۇنداق ئادەملەر باركى، ئۇلار قارشى تەرەپ بىلەن مۇنازىرە قىلغاندا، قارشى تەرەپنىڭ پىكىر قىلىشىغا قۇلاق سالمايدۇ. ئۇلا-رنىڭ ئىسپات ئۈچۈن كەلتۈرۈۋاتقان دەلىللىرىنى چۈشىنىشىنى خالىمايدۇ. بۇنداق مۇنازىرە خۇددى چىش ئاغرىقىدەك ئازابلىق.
گ. ۋ. پېلېخانوف

ئەگەر ئۆزىڭىز بىلەن ھەقىقىي مۇنازىرىنىڭ بولۇشىنى ياق-تۇرىدىكەنسىز ھەمدە ئۆزىڭىزنى باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىنى خالا-يدىكەنسىز، ئۇ ھالدا قارشى تەرەپكە ئادىل بولۇشىڭىز، ئېتىبار بېرىشىڭىز، ئۇنىڭ پىكىر ـ دەلىللىرى سىزگە قايسى دەرىجىدە ئۇقتۇرۇلغان بولسا، شۇ دەرىجىدە قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك.
ۋ. گ. بېلىنسكىي

مۇنازىرىلىشىۋاتقاندا، ساپ دىل، نەپىس، دەلىل ـ ئىسپاتلىق ۋە قەتئىي بولۇشقا تىرىش.
ژ. ۋىلكىنس



ئادەملەر قانداق بولسا، مۇنازىرىمۇ شۇنداق بولىدۇ.
ك. ماركس، ف. ئېنگېلس

ئەقىل بىلەن جەڭ قىلىدىغان مەيدان (بەس ـ مۇنازىرە مەيدا-نى) ئادەملەر ئۆلىدىغان جەڭ مەيدانىدىن دەھشەتلىكرەكتۇر.

www.uyghurkitap.com

شۇدىگەرنى تەكشىلەش مۇمكىن. لېكىن بۇ مەيداننى تەكشىلەش قىيىن.

ئو. بالزاك

پېكىردىكى كېلىشمەسلىكلەرنى ئەپۇ قىلىشقا خېلى كۆپ كۈچ كېتىدۇ.

ر. ئېمېرسون

كۆپچىلىك ئېتىراپ قىلغان پىكىرلەردىن كۇلمەڭ، بۇنىڭ بىلەن سىز ئادەملەرنىڭ قارىشىنى ئۆزگەرتەلمەيسىز. ئەكسىچە، ئۇلارنى ھاقارەتلىگەن بولىسىز.

ل. ۋاۋېنارگ

جەمئىيەت تەن ئېلىنغان ھەقىقەتلەر بىلەن ياشايدۇ.

ئو. بالزاك

مۇنازىرىلىشمەن دەپ يۇزلىگەن پۇقرانى يولدىن ئازدۇرغان كىشىدىن، بىرەر ئىشنى ئۆز ئىزىغا سالغان كىشى يۇز ھەسسە ياخشى.

ئاباي قۇنانبايېۋ

سۆزلەۋاتقان كىشىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىشتىنمۇ ئارتۇق قوپاللىق يوق.

ژ. لوكك

ھەقىقەتنى بىلىشنى خالىساڭ، باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلا.

پوبلىلى سىر

يېڭىلىش يولىغا يۈزلەنگەن كىشى مۇنازىرىدە ئۆزى ئۇچۇن كۈچ ۋە ھەقىقەتنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن قىزىققانلىقا ئۆتىدۇ.

ئى. گيوتې

مۇنازىرىلىشىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ قايسىسى ناھەق بولسا، ئۇ شۇنچە قىزىپ كېتىدۇ.

چ. لېم

ئۆزۈڭنىڭ سۆزىدە ياكى سۆھبەتدىشىڭنىڭ سۆزىدە زەردە ئا-لامىتىنى سەزگەن ھامان گەپنى توختات. ئېيتمىغان سۆزۈڭ ئال-تۇن بىلەن باراۋەر.

ل. ن. تولستوي

قارشى تەرەپنىڭ قىزىپ، كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغىنىنى سەز-گەن ھامان، بىرەر چاقچاق، قىزىقچىلىق بىلەن مۇنازىرىگە چەك قوي.

ف. چېستېرفېلد

قارشى تەرەپ بىلەن مۇنازىرە قىلىشىۋېتىپ، ئۆزۈڭنىڭ ئاچىز-لىقىنى سەزگەن ھامان مۇنازىرىنى توختات. ئۇنداق قىلماي تېخىمۇ كۆپ سۆزلىسەڭ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىسەن.

ئى. گيوتې

ئەگەر ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەسكىن دەلىلىڭىز بول-مىسا، ياخشىسى سۆزلىمەڭ، ئاچىز مۇداپىئە رەقىبىڭىزنىڭ كۈچىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

كۆچ قوشىدۇ. ئېنىقسىز جاۋاب بەرگەندىن سۈكۈت قىلىپ تۇرغان ياخشى.

ك. كالتون

تەنۇرلۇك قىلىش ئادىتى ئەقىل كېسەللىكىدۇر. ئۇ ھەتتا يۇرەككىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ.

پ. بوشىن

غەم ـ ئەندىشىلىرىڭنى پەسەيت قىلماي كۈل، شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ دېغى كېتىدۇ. رەقىبىڭ ئۈستىدىنمۇ كۈل، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ غەزىپى سۇنىدۇ. ئۆز ھالىتىڭ ئۈستىدىن كۈل. شۇ چاغدا ئۇمۇ يوقىلىدۇ.

يا. راينس

غەلىبە ۋە مۇۋەپپەقىيەت، بەخت ۋە كامالەت كۆپ ھاللاردا ئەقىل بىلەن سۆز مەدەنىيىتى تەرىپىدىن، باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ ئىككىسىدە ئۆزىنى يېڭىش ئاساسىدا روياپقا چىقىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

تىلنىڭ — بىر قەدەر ئېنىق، بىرقەدەر مۇرەككەپ لۇغەت فوندى ۋە گرامماتىكىلىق تۈزۈلۈشكە ئىگە بولغان تاۋۇشلۇق تىلنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ تۇنجى مەنىۋى مەدەنىيەت مەشئىلى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتتى. ئەجدادلىرىمىز تەپەككۇرى پادىلىق دەۋرگە كۆرە يېڭى بىر تارىخىي شەكىلگە ئېرىشتى. ئەڭ ئىپتىدائىي ئىبستىبتىك تەپەككۇر ۋە مەنتىقىي تەپەككۇر ئۆز قۇدرىتىنى ماددىي ھايات ساھەسىدىلا ئەمەس، يەنە مەنىۋى ھايات ساھەسىدىمۇ يەنى ئەخلاق، ئېتىقاد ۋە

بەدىئىي تەسەۋۋۇر ساھەسىدىمۇ نامايان قىلىشقا باشلىدى.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»دىن

تىل — ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىقتىدارى — تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي ماتېرىيالى ۋە ئىپادىلىنىش شەكلىدىن ئىبارەت.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن

تىل، — تەپەككۇر ئېقىمى، تەپەككۇرنىڭ سىرتلىنىشى، تەپەككۇر — تىلنىڭ بۆلىقى، تىلنىڭ ماھىيىتى، تىل — غايە، ھېس - تۇيغۇ، تەپەككۇرنىڭ ئۇلۇغ قەسرىسى.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن

ئۆز تىلىنى ئۆز قەلبى بىلەن بىرلەشتۈرۈش — ئىنسان ئىقتىدارىدىكى مۇھىم كامالەت. ئۆز قەلبىنى ئۆز تىلىگە يېغىنچاقلاپ ئىپادىلەش — ئەلخارازىمى ئېيتقاندەك، — تەپەككۇرنىڭ گۈل - چېچىكى بولسا، ئۆز تىلىنى ئىش - ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش — تەپەككۇرنىڭ مېۋىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن

تىل — مىللەتنىڭ بايلىقى، تىل — مىللەتنىڭ مۇھىم، ھەتتا ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەر داۋامىدا شەكىللەنگەن، كۆپ باسقۇچلۇق تىل تەرەققىياتى ئارقىلىق بېيىغان تۈپ ئالامىتى، مىللىي روھىيەت ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ نوپۇزلۇق قورغىنى ۋە خەزىنىسى، تىل — مىللەتنىڭ قەلبى.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن



تىل — مىللەتنىڭ ئۆتمۈش ئەجدادلىرى ياراتقان مەدەنىيەتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى



ھازىرقى كىشىلەرنى يارىتىۋاتقان مەدەنىيەتنى، كەلگۈسى ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئۇلۇغ ئۇچۇرقانالى.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن**

تىل — مىللەتنىڭ ئالدىنقى بوغۇنلىرى تۇپراققا كىرگەندىمۇ، مىللىي مەدەنىيەتنى ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئاساسلىق مىراس.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن**

تىل — ئەسىرلەر داۋامىدا تىرىك پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللەتنىڭ يۈرىكى، قېنى ۋە جېنى.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن**

تىل — مىللەت تارىخىنىڭ تېغى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ راۋان دەرياسى، مىللىي تۇرمۇشنىڭ تىنىقى ۋە يىمىرىلمەس سېپىلى.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن**

ھەر مىللەت تىلى خۇددى شۇ مىللەت ياشىغان ئانا زېمىنىدىن ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان دەريادەك شۇ مىللەت ھاياتىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، تارىخىي مەنزىرىسىنىڭ باي ۋە رەڭگارەڭ «مىنېرال»لىرى بىلەن تويۇنغان بولىدۇ.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن**



مىللىي تىل — شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى ۋەتىنى سۈپىتىدە مۇقەددەس. تارىخ تېخى مىللىي تىللاردىن مۇستەسنا بىرەر مەدەنىيەت «ئەلئېھرامى»نى ئۇچراتقان ئەمەس! مەيلى ئېغىز نۇتۇق تىلى،

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ژانىرلىرىنىڭ تىلى، ياكى يازما ئەدەبىيات ۋە شېئىرىيەت تىلى، ھەتتا مۇزىكا تىلى، ئۇسسۇل تىلى بولسۇن ئۇ ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىگە خاس، يېقىملىق ۋە ئېپتىخارلىق.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تىلنى بىلمەي تۇرۇپ، ئېلىنى بىلمەن دېيىش، تىلىنى سۆيمەي تۇرۇپ، ئېلىنى سۆيۈشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تىلنىڭ ھاياتى — ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىدە: ھەرقانداق مىللىي تىلنىڭ ئېغىزدىن قېلىشى، بولۇپمۇ قىزلار ۋە ئانىلار، يىگىتلەر ۋە ئاتىلار ئاغزىدىن قېلىشى: ئوقۇتۇش ۋە يېزىقچىلىقتىن قېلىشى —ئۇنىڭ ئەجىلىدىن ئىبارەت. ھەرقانداق باشقا جانلىق شەيئىگە ئوخشاش، ھەرىكەتتىن توختاش تىلنىڭ ھالاكىتىنى كۆرسىتىدۇ.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

مىللىي تىل ناتىقلارغا — ئوقۇتقۇچى، شائىر، ئادۇۇكات، يازغۇچى، سورۇن باشقۇرغۇچىلارغا موھتاج. تىل نەققاشى — ناتىق، يالغۇز سۆزلەش ماھىرلىرىلا ئەمەس، ئەڭ ئالدى بىلەن ئىلىم-ھېكمەتنى بىلگۈچى دانالار بولۇشى، ۋەزخانلارلا ئەمەس، خەلق روھىيىتىنى تەربىيىلەيدىغان مەدەنىيەت جەڭچىلىرى بولۇشى لازىم. ئۇلار تىلدا ئۈلگە كۆرسىتىشى كېرەك.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تىل —تەلىم-تەربىيىنىڭ مۇھىم ۋاستىسى، شۇنىڭدەك تىلشۇناسلىققا ئائىت ھەر دەرىجىلىك كەسپىي تەربىيە — خەلق

مائارىپنىڭ، مىللىي مائارىپنىڭ دائىمىي، غوللۇق بىر مەزمۇنى. تىل —بىلىم مۇقەددىمىسى، شۇنىڭدەك، بىلىم قەسرىنىڭ تىل ھەربىر شەخسكە ئىلىم، مەدەنىيەت، ئەخلاق، سەنئەت نۇرىنى بېغىشلايدىغان ئاڭ — پىكىر مەشئىلى. تىل — ھېسسىيات، ھېسداشلىق. جۇشقۇن روھىيەت يېتىشتۈرىدىغان باغۋەن، تىل بايلىقى، تىل مەدەنىيىتى، تىل نوپۇزى ھەربىر مىللەت مەنىۋى ساپاسى، تارىخىي ئۇتۇقلار جۇغلانمىسى، يىراق تەسىر ھاياتىي كۈچىنىڭ مۇھىم يىلتىزى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن

مىللىي تىل — ئائىلىدە مىليونلىغان ئانىلار، مومىلار، ئاتىلار ۋە بوۋىلارنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىنى ئىمكانىقەدەر توغرا تەلەپپۇزدىكى جانلىق، باي، بىرلىككە كەلگەن مىللىي تىل — «ئانا تىلى»دە قوراللاندۇرۇشقا موھتاج. ھەقىقىي ئائىلە ئىگىلىرى ھەممىدىن ئىلگىرى تامالارغا گىلەم، جاۋان تىزىشقا ئەمەس، بەلكى كىتاب ئىشكاپلىرى تىكلەشكە، باللارغا پەن ـ مەدەنىيەت مۇھىتى، «كىتاب گۈلشىنى» ھازىرلاپ بېرىشكە ئالدىرىشى لازىم.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن

باشقا مىللەت ۋە باشقا دۆلەت تىللىرىنى قانچە ياخشى ۋە قانچە كۆپ بىلسە، ئۇ خۇددى كۆپ خىل چالغۇ قوراللىرىدىن خەۋەردار بولغان، ھەر خىل قولۇپلارنى ئېچىشقا لازىملىق ئاچقۇچلىرى بولغان كىشىدەك مەنپەئەتلىك ئىش. كۆپ تىل بىلىش — كۆپ قورالنى ئىگىلەش دېمەكتۇر. ئەمما، شۇنى بىلىش لازىمكى، كۆپ تىل بىلىش، ئۆز تىلىغا مۇھەببەت، ئۆز تىلىنى ئاساس قىلغان بولۇشى لازىم.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن

تىل ــ ئىنسان قەلبىنىڭ ئەلچىسى، ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ شاھىتى. تىلنىڭ بېزىكى ــ ئەلچى ۋە شاھىتىغا مۇناسىپ روشەنلىكتىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تىل ــ ئاۋاز چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تەپەككۇر ۋە ھېسسىياتنىڭ سۈرىتىنى سىزىش ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئالاقىگە كىرگەن. بۇ سۈرەت توغرا تەلەپپۇز ۋە مەنە روشەنلىكى بىلەن دەل-مۇدەل نۇتۇق ئۈچۈرىغا ئايلانغاندىلا، ئىجتىمائىي ئالاقە قورالى رولىنى جارى قىلالايدۇ. بۇنداق تىل قۇدرەتلىك قوماندانلىق نوپۇزىنى تىكلەپ، ئاڭ ۋە ھەرىكىتىمىزنى تىزگىنلەيدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تىلنىڭ توغرا تەلەپپۇز قىلىنىشى ۋە مەنىلىك روشەنلىكى، تەپەككۇر دەللىكى ۋە تەپەككۇر روشەنلىكىدىن ھاسىل بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

مىللىي تىلنىڭ توغرا تەلەپپۇز قىلىنىشى ۋە روشەنلىكى ــ تىلشۇناسلىقنىڭ خۇددى تەپەككۇر ئىلمىدىكى «شەكلەن لوگىكا»غا ئوخشاش ئەڭ ئېلېمېنتار، ئەڭ ئەقەللىي كەسپىي تەلىپى ۋە شەرتى. مىللىي تىلنىڭ «دىئالېكتىك لوگىكا»دەك تۈپ تەلىپى ئۇنىڭ ئەقلىي مەنىدارلىقى ۋە ئەخلاقىي خاسىيەتلىرىدە گەۋدىلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تىلشۇناسلىقنىڭ پەلسەپىۋى قىممىتى مىللىي تىلنىڭ مەنە

www.uyghurkitap.com

تەپەككۇر سالمىقى، ۋەزىندارلىقىنى ۋە مىللىي تىلىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىي تەسىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسى ۋە مەنىۋى قىياپىتىنى كامالەتكە داۋاملىق يۈزلەندۈرۈشتە گەۋدىلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستىتىكا»دىن

تىلنىڭ ئەزىملىكى، يەڭگىللەتكىلىكى، تىتىقسىزلىقى، مەنىسىزى — ۋەزىنسىز — پۇچەكلىكى سۆزلىگۈچىنىڭ ئەقلىي ساپاسىنىڭ تۆۋەن، تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ ئىچىلمىغانلىقىدىن ئۇنىڭ ئۆز سۆزى ئارقىلىق ئۇچۇر بېرىدۇ. بىرەر مىللەتنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى تىلىدا ئەرزىمەس ئۇششاق - چۇششەك مەزمۇنلاردىن باشقا ئىلمىي، مەدەنىيەت، سەنئەت تەپەككۇرى مەنىلەر دۇردانىلىرى ئاز بولسا، بۇ مىللەت تېخى زامانىۋى ئاڭ ۋە مەدەنىيەتتىن چەتتە قالغان مىللەت بولۇپ چىقىدۇ. بۇ خىل دىئاگنوزغا ئېتىراز بىلدۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، ئۇ قان ئانالىزىدەك ئەمەلىي ۋە ھەقىقىيدۇر!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستىتىكا»دىن

«تىل — قەلبىدىن قەلبكە يول ئاچىدۇ» (نىزامى گەنجىۋى)، بۇ قەلب — تەپەككۇر دىيارىدىن ئىبارەت تەپەككۇر دىيارىنىڭ شەھەر قەلئە دەرۋازىسىدىن جاۋاھىر كارۋانلىرىمۇ، ئەبگا دىۋانىمۇ ئۆتىدۇ. تىلنىڭ مەنە ۋەزىندارلىقى دەل تەپەككۇر دىيارىغا كىرگەن جاۋاھىر ئارتقان كارۋانغا ئوخشاش.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستىتىكا»دىن

تىل نوپۇزى — تىلنىڭ ۋەزىندارلىقى بىلەن، باشقىچە

ئېيتقاندا، تىلنىڭ ئەقلىي بىساتى بىلەن، ئوخشاشلا، تىلنىڭ ئەقلىي بىساتى بىلەن، ئوخشاشلا، تىلنىڭ ئەقلىي كامالىتى تىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، تىلنىڭ لېكسىكىلىق خەزىنىسىنى، گراماتىكىلىق تۈزۈلمىسى ۋە ئېستېتىكىلىق جۇلاسىنى راۋاجلاندۇرىدىغان پىشاڭ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تىل تولىمۇ سېھىرلىك كۈچ. ئۇ ئىبارىلەر تەختىدە مەنىلەر مەلىكىسىنى كۆتۈرۈپ، كىشىلەر قەلبىنى ھەقىقەت نۇرى بىلەن بېزەيدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سۆز گۈزەللىكى قەلب گۈزەللىكىنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئۇچۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تىل —قەلب ئىزھارچىسى. قەلبلەرنىڭ ئەخلاقىي سۈپەتلىرى سەۋەبىدىن ئىنسان ئەدەپلىك تىل ۋە ئەدەپسىز تىلنى ئىزھار قىلىشىدۇ. بۇ شۇ شەخسكە بىۋاسىتە، شۇ ئىجتىمائىي مۇھىتقا ۋاسىتىلىق ئالاقىدار بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تىل يالغۇز تىل تەلەپپۇزى مەدەنىيىتىنى، تىل مەنە بايلىقى —تىلغا يىغىنچاقلانغان ئەقلىي كامالەت مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە يانداشتۇرۇپ قالماستىن، يەنە تىلنىڭ ئەخلاقىي مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ. تىل ئەخلاقى ھەربىر شەخسنىڭ ۋە مىللەتنىڭ كامالىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھەربىر كىشى ئۇچۇن ئۇنىڭ تىل ئەقلى ۋە تىل ئەخلاقىنىڭ قانداق بولۇشى ئۇنىڭ ئۇچۇن تەقدىر بېكىتكۈچىدۇر.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تىل ئەخلاقى ماھىيەتتە قەلب ئەخلاقىدىن ئىبارەت.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سۆزلەشتىن ئىلگىرى ئاقىۋىتىنى ئويلاش — مانا بۇ تىل ئەخلاقى ئېگىسىنىڭ ئەقەللىي دەۋىتى. ئەمما، بۇ دەۋەتنى ئورۇنداش ئۇچۇن ھەربىر سۆزلىگۈچىدە ساپ كۆڭۈل، ھالال پىكىر بولۇشى، ئۇلۇغ ئىقتىدارى — تىل ئىقتىدارىنى سۇيىئىستېمال قىلماسلىقى لازىم.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تىلنى ھاقارەتلىك ۋاستە قىلىش، تىلنى پىتنە ـ ئىغۋا، ھەسەت ـ ئۆسەك قورالى قىلىش بولۇپمۇ ئادەملەر توپلاشقان سورۇن — مېھماندارچىلىق ياكى يىغىنلاردا ھاقارەت ۋە ئىغۋا، يالغان ـ ياۋىداق ۋە تۆھمەت پاراڭلىرىغا يول قويۇش بۇزۇلغان روھىيەت مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سۆزنىڭ مۇلايىملىقى — سۆزدە باشقىلار بىلەن ئۆزىنى باراۋەر تۇرۇپ سۆزلەش، سۆزلىشىۋاتقان كىشىنىڭ شەخسىنى ھۆرمەتلەش، تەكەللۇپ قىلىش، ھەرقانداق خۇشامەتچى ياكى خۇشامەت تەلەپ ياكى خۇشامەت تەلەپ قىلىدىغان ئىپادىلەر بولماسلىقى لازىم. سۆزدىكى مۇنازىرە، ئېتىراز ياكى ئۇقۇشماسلىقلارنى ئىزاھلىغاندا

ھەقىقەتنى ئىدېئاللاشتۇرۇش بىلەن خاراكتېر ئالىيجانابلىقىنى توغرا بىرلەشتۇرۇش لازىم.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سۆزنىڭ سىلىقلىقى — سۆزدە قوپال ۋە پەسكەش جۈملە ياكى ئاۋازلار بولماسلىقى، ھاقارەت خاراكتېرلىك ئاللامەتلەر مۇتلەق بولماسلىقى، ئۆز پىكرىنى باشقىلارغا زورلىماسلىق، ئەپۇ ۋە مەرھەمەت كۆرسىتىش، سۆزنى ئىمكانقەدەر ئىجابىي جەھەتتە تۈز، سەلبىي جەھەتتە ئەگىتىپ سۆزلەش كېرەك. بۇ يەردە «ئەگىتىپ سۆزلەش» —راستچىللىقنىڭ، ھەقىقەتنىڭ «زىننەتتى» رولىنى ئوينايدۇ. قوپال سۆز — ئەقلىي، ئەخلاقىي، روھىي گادايلىقنىڭ ئىپادىسى.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سۆزنىڭ كەمتەرلىكى — سۆزدە سەمىمىيلىك ئىپادىلەش، سۆزدە پوچىلىق، ماختانچاقلىق، ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنلىك بولماسلىقى، كىشىگە ھەرگىزمۇ دارىتمىلاپ تەھدىت سالىدىغان، كىشىنى كەمسىتىپ، خارلايدىغان، بېسىم ئىشلىتىدىغان سۆزلەر مۇتلەق بولماسلىقى لازىم. شۇنى بىلىش لازىمكى، گەپتە ئۇتقانلىق، يېرىك گەپلەر بىلەن بېسىم ئىشلەتكەنلىك غەلىبە ياكى شۆھرەت ئەمەس. ھەقىقىي غەلىبە ھەقىقەتنىڭ غەلىبىسى، گۈزەللىكنىڭ غەلىبىسى، كىشىلەر قەلبىنىڭ غەلىبىسى.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



تىل —ئىنسانىيەتنىڭ قۇدرەتلىك قورالى، ئۇ ئىنسان ئەقلى ۋە پەزىلىتىنىڭ تەڭداشسىز خەزىنىسى.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەرىكەت گۈزەللىكى — سۆز بىلەن ئەمەلىي پائالىيىتىنىڭ بىردەكلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇ قەلب گۈزەللىكىنىڭ ئەڭ ئا-خىرقى ئىپادىسى ۋە ھەقىقىي ئىسپاتىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تىل ۋە تىل سىستېمىسى مەسىلىسى نوقۇل تىل ھادىسىسى ئەمەس، ئەلۋەتتە، تىل سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئانتروپو-لوگىيىلىك ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھايات تارىخىنى تايانچ قىلغان سەۋەبىياتلىق سەمەرىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»دىن

زەھەردەك سۆزلىرىڭ ئىسلار دىلىڭنى،
بال بىلەن يۇساڭمۇ ھەتتا تىلىڭنى.
ئىزگۈلۈك جەۋھىرى بەخت دەپ بىلمەس،
مىنسەڭمۇ ئالتۇندا قاپلاپ پىلىڭنى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۈپنامىسى» دىن

تەلىم ـ تەربىيە ئىنسانىيەت قەلبىنىڭ قۇياشى.
سۆز ـ ھەرىكەت مۇشۇ قۇياشنىڭ شولىسى.
ئادەمنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىدىن ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.
سۆز ـ ھەرىكەت جاھاننەما ئەينىكى ... ئۇ ھەتتا قەھرىمانىنىڭ ماھىيىتى...

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۈپنامىسى» دىن

سۆز گۈزەللىكى، ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ يارقىن، تولىمۇ

ۋەكىللىك خاراكتېرى بولغان بىر قىسمى. سۆز گۈزەللىكى
ئۆزلۈكسىز راۋاجلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ جەمئىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى،
جامائەت پىكرى سەۋىيىسىنىڭ راۋاجلىنىشى، ئەخلاقنىڭ راۋاجلى-
نىشى، شەخسنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ را-
ۋاجلىنىپ بارىدۇ. سۆز گۈزەللىكىنىڭ چېكى يوق. سۆز گۈزەللى-
كى ھەممە ئۇچۇن، ھەتتا سۆز ئۇستىسى ھېسابلانغان ناتىق، سەن-
ئەتكار، ئادۋوكات، دىپلوماتلار ئۇچۇنمۇ چەكسىز، ئىنسانىيەتنىڭ
مەنىۋى تاكامۇللىشىشى ۋە غايىۋى كەلگۈسىگە قاراپ راۋاجلىنىشى،
ئەينى زاماندا سۆز گۈزەللىكى جەھەتتە بارغانسېرى يۇقىرى پەللىگە
قاراپ راۋاجلىنىشى بىلەن باغلىنىپ كەتكەن.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

سۆز گۈزەللىكى ئالدى بىلەن قەلب گۈزەللىكىنى مەنبە ۋە
چىقىش نۇقتا قىلىدۇ. ئۇنداق «تىلى ھەسەل، دىلى زەھەر» دېگەندەك
ساختا سۆز نەيرىڭى ھەرگىزمۇ سۆز گۈزەللىكى ھېسابلانمايدۇ.
سۆز گۈزەللىكى ئىككىنچىدىن، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش-
نى، توغرا پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىدۇ. كۆڭلىدە سان
بولماي، سۆز ـ جۈملىلىرىنى سىرتقى جەھەتتىن پەردازلىغان بى-
لەن، «ئاڭلىماڭ قىلار خۇش، باقساڭ ئىچى بوش» بولۇپ قالىدۇ.
مۇشۇ ئىككى ئالدىنقى شەرت ئاستىدا يەنە ئالتە شەرت ئورۇنلىنىشى
لازىم. بۇلار: سۆزنىڭ لوگىكىلىق، گراماتىكىلىق، ئېستېتى-
كىلىق، رىتورىكىلىق، ئىستېتىكىلىق ۋە ئېتىكىلىق بولۇشىدىن
ئىبارەت.
لوگىكىلىق دېگىنىمىز، سۆزدە توغرا تەپەككۇر قىلىش دې-
گەنلىك.
گراماتىكىلىق دېگىنىمىز، سۆزدە جۈملىلەرنىڭ قانۇنلۇق

تىزىلىشى دېگەنلىك. سۆزدە جۈملىلەردىن توغرا پايدىلانمىغاندا سۆز چۈشىنىكسىز بولۇپ قالىدۇ.

ئىستىلىستىكىلىق دېگىنىمىز، تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، تىلنى تىلشۇناسلىق دائىرىسىدە جۇلالاندۇرۇش، ئۇنى توغرا، ئېنىق ئىپادىلەش دېگەنلىكتۇر.

رىتورىكىلىق دېگىنىمىز، تىلنىڭ قايىل قىلىش، تەسىرلەندۇرۇش، مەھلىيا قىلىش، قوزغاش كۈچىنى ئاشۇرۇش دېگەنلىكتۇر. بۇ ناتىقلىق ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر.

ئېستېتىكىلىق بولۇش دېگىنىمىز، سۆزنىڭ سەنئەتلىك، ئوبرازلىق، جانلىق، رەڭدار، ئاۋازلىق، كومېدىك، تراگېدىك، تەمسىللىك ...بولۇشى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

ئېتىكىلىق دېگىنىمىز، سۆزنىڭ گۈزەللىكى جەھەتتىن سۆزنى سىلىق، مۇلايىم ۋە كەمتەر قىلىشتىن ئىبارەت بىرقانچە ئەخلاقىي تەلەپلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئەدەپلىك سۆز — سۆز گۈزەللىكىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسىنى ھۆرمەتلەش ئاساسىغا قۇرۇلۇشى لازىم. سۆزدە باشقىلارغا يول قويۇش، مەرھەمەت قىلىش، نېمە بولسا شۇنى تومتاقلا دېمەسلىكتەك «ئەگرى سىزىقلىق» ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇنداق بولماي ئۇدۇلمۇئۇدۇل سۆزلىنىدىكەن، يامان تەسىر ھەتتا يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.

سۆزنىڭ سىلىقلىقى — سۆزدە قوپال ۋە پەسكەش جۈملىلەرنىڭ، ھاقارەت خاراكتېرلىك ئالامەتلەرنىڭ بولماسلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

سۆزنىڭ مۇلايىملىقى — سۆزدە باشقىلار بىلەن ئۆزىنى تەڭ

تۇتۇپ سۆز قىلىش، قىزغىن كەيپىيات ئىپادىلەش، سۆزنى ئىم-كانقەدەر ئىجابىي جەھەتتە ئېنىق ۋە تۈز، سەلبىي جەھەتتە ئەگىتىپ ۋە سىلىقلاشتۇرۇپراق سۆزلەش، كۆڭلىنى بىلمەي سۆزلەۋەرمەس-لىك، ئاۋازنى يۇمشاق، تۆۋەنرەك چىقىرىش، باشقىلارنى سەزگە ئۇندەش، باشقىلارنىڭ سۆزىنى قىزغىنلىق بىلەن ئاڭلاش قاتار-لىقلارغا قارىتىلغان.

سۆزنىڭ كەمتەرلىكى — سۆزلىشىۋاتقان كىشىنى ھۆرمەت-لەش، سۆزدىن بۇرۇن ۋە كېيىن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، تەكەل-لۇپ قىلىش، سەمىمىيلىك ئىپادىلەش، سۆزنىڭ ھەممە قىسمىدا ھاكاۋۇرلۇق، ماختانچاقلىق، مەنمەنلىك، بېسىم ۋە رەنجىتىدىغان سۆزلەرنى قىلماسلىق، كىشىنى سۆز ئارقىلىق دارتىملاپ كەم-سىتمەسلىك، تەھدىت سالماسلىق، خارلىماسلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

سۆز گۈزەللىكى مۇنازىرە، ئۇقۇشماسلىقلارنى ئىزاھلاش قا-تارلىق چىگىش ۋە مۇرەككەپ مەيداندا ئۆزىنى تېخىمۇ ئالىيجا-نابلىق بىلەن نامايان قىلىشى لازىم. شۇنى بىلىش لازىمكى، گەپتە ئۇتقانلىق، غەلىبە ۋە شۆھرەت ئەمەس، ھەقىقىي غەلىبە ھەقىقەت-نىڭ غەلىبىسى، گۈزەللىكنىڭ غەلىبىسى، كىشىلەر قەلبىنى سۆيۈندۈرۈشنىڭ غەلىبىسى.



ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

تىل قالايمىقانلاشسا، ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسىگە كاشىلا قىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» تىن

مەلۇمكى، تىل ـ يېزىق ئالدى بىلەن بىۋاستە نەرسىنىڭ ئەمەس، بەلكى سۇبيېكت تەپەككۇرنىڭ سىرتلاشقان سىڭدۈرۈلگەن ئۇچۇرىدىن ئىبارەت. بۇ يەردە «ئەسلىي بۇيۇم ئۇچۇرى» بىلەن «كىشى تەپەككۇرىنىڭ ئۇچۇرى» دىن ئىبارەت ئىككى قاتلام ئېنىق سالاھىيەتلىرى بىلەن پەرقلەندۈرۈلۈشى لازىم.

ئېيتىش كېرەككى، يېزىق — ئابستراكت مۇھاكىمە خاراكتېرلىك تەپەككۇرنى ئابستراكت بەلگە خاراكتېرلىك ھەرپلەر بىلەن، ئابستراكت چاتقۇچى خاراكتېرىدىكى گراماتىكىلىق جۈملە تۈزۈش ئارقىلىق ئىككىنچى كىشىگە يەتكۈزۈپ، ئابستراكت چۈشەنچە ھەتتا ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى ئوبراز پەيدا قىلىدىغان ئالاقە ۋاستىسىدىن ئىبارەت.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «تارىخ تەتقىقاتىدىكى يېڭى مېتود ـ ئۇچۇرلۇق تارىخ تەتقىقاتى ئۇسۇلى» دىن**

سۆزنى گراماتىكا بىلەن گۈزەللەشتۈر، چۈنكى سۆز قائىدىسىدىن مەھرۇم بولغان كىشى سۆزنى بۇزىدۇ.

**ئابدۇقادىر ئەزىزى**

سۆزلەيدىغان ئورۇننى تاپساڭ، چوقۇم كەڭتاشا سۆزلە، ئەگەر سۆزلەيدىغان ياخشى سۆزنى تاپساڭ، ئايىماي سۆزلە، چۈنكى، كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىلىم ۋە قابىلىيىتىگە يارىشا ئۇ سۆزلەردىن توغرا چۈشەنچە ئالىدۇ.

**ئابدۇقادىر ئەزىزى**

تىلىڭدىن ھەر ۋاقىت خەلق سەندىن خۇشال بولىدىغان چىرايلىق سۆزلەرنى چىقارغىن.

**مەھمۇد قەشقەرى**

مەجمۇئە ئىسمى: ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى
كىتاب ئىسمى: سۆز سەنئىتى ھەققىدە ھېكمەتلەر
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئىلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچىلەر: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۈرئەت نىياز
بىلقىز مۇھەممەت
تەكلىپلىك مۇھەررىر: ئامىنە كىچىك
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر قۇتلۇق
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: (830001 ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ يولى 36 ـ قورۇ)
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 880×1230 مم
باسما تاۋىقى: 3 باسما تاۋاق
خەت سانى: 51 مىڭ خەت
نەشرى: 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
باسما سانى: 5000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978—7—80744—402—2
باھاسى: 9.90 يۈەن


(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)